
УЙҒУР ХӘЛИҚ
ЧӨЧӘКЛИРИ



خەلق ئاغزىدىن يېزىۋېلىپ،
توپلاپ، رەتلىگۈچىلەر: مۆمىن ھەمراپۇ،
ماھىنۇر ئەلىۋا

بىزنىڭ ياش ئۆسمۈرلىرىمىزگە بېغىشلاپ، دەسلەپكى قېتىم «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» نەشىر قىلىندى. ياش كىتاپخانلىرىمىز بۇ چۆچەكلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئارزۇ-ارمانلىرى، قەھرىمان ياش ژىگىتلىرى، پادىشالارغا بولغان قارشىلىقلىرى ۋە نەپرەتلىرى بىلەن تونۇشالايدۇ.

## سۆز بېشى

ئېغىز ئىجادىيەت ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن بىللە ياشاپ، ئۇنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتىنى، ئۆرپ-ئادەت ۋە كەسىپىنى، ئۇنىڭ دۇنياغا كۆز قارىشى ۋە ئارزۇ-ارمانلىرىنى ئۆزىدە ئەينەكتەك ئەكس ئەتتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەجايىپ بىر مەنبە.

ئۇيغۇر فولكلورى باشقا خەلقلەرنىڭكىگە ئوخشاشلا، رەڭمۇ-رەڭ ۋە بايدۇر. ئۇيغۇر خەلقى كۆپ ئەسىرلەر جەريانىدا قوشاق، چۆچەك، داستان، تېپىشماق، ماقال، تەمسىل، بېيىت ۋە مەسەللەرنى يارىتىپ، فولكلورنىڭ خىلمۇ-خىل شەكىللىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ارمانلىرى، ھەممە كىشى باراۋەر، بەختلىك ياشايدىغان ئادالەتلىك جەمىيەت توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىپادە قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ نەمۇنىلىرىدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك كۈرەش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مىللىي ئازاتلىققا بولغان ئىنتىلىشلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى ئاساسىي ژانىرلارنىڭ بىرى – چۆچەكلەر. ئۇيغۇر چۆچەكلىرى: تىلسىمات چۆچەكلىرى، ھايۋاناتلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن باشقا نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاققان، موللا زەيدىن، مەتىيار خەلپىتىم ئوخشاش ئايرىم شەخسلەرگە بېغىشلانغان ھەجۋىيلەرمۇ ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

دەسلەپ چۆچەكلەر خەلقنىڭ ئېھتىياجى سۈپىتىدە پەيدا بولدى. ھېچ قانداق خەت-يېزىققا ئىگە بولمىغان قېدىمىي زامانىنىڭ ئادەملىرى ئۆسۈپ-يېتىلمەكتە بولغان ياش ئەۋلادقا ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ھاياتى داۋامىدا توپلىغان ئىجادىي تەجرىبىلىرىنى قالدۇرغان. بۇ ئەسەرلەر ئەڭ ئاۋال ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىدى. ۋاقىتلار ئۆتۈپ، خەلقنىڭ بىلىمىنىڭ كەڭىيىشى بىلەن، ئوبيېكتىۋ مۇھىت توغرىلىق ئىلگەركى سادده چۈشەنچە قېلىپ قالدى. لېكىن خەلق ئىجات قىلغان بەدىي ئوبرازلار يوقالمىدى، بەلكى دەۋرگە مۇۋاپىق باشقا مەناغا ئىگە بولدى. مەسىلەن، قېدىمىي ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە ئوخشاشلا ھايات كەچۈرىدۇ، لېكىن ئادەملەرنىڭ كۆزىچە ھايۋان كىيىمىنى كىيىۋالىدۇ، دەتتى. ئۆزلىرى ياشايدىغان جاڭگالغا، سازلىققا كەلگەندە، ئۇلار ھايۋان كىيىملىرىنى تاشلاپ، ئادەم قىياپىتىگە كىلىدۇ، دېيىشەتتى. ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە ھەر خىل ئىشلار بىلەن: دېخانچىلىق، ئوتۇن كەسلەش، غىزا تەييارلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ يولۇقۇشى موشۇ سەۋەپتىن. كېيىنرەك خەلقنىڭ ئاڭ-سېزىمى ئۆسۈشى بىلەن بۇ دەسلەپكى چۈشەنچىلەر بەدىي ئەسەرلەرنىڭ تەركىۋىدە قالسىمۇ، لېكىن خەلق ئۇلارنى مۇمكىن ئەمەس نەرسىلەر ياكى جودىگەرلىك دەپ قارايدىغان بولدى.

بۇ توپلامغا كىرگەن چۆچەكلەرنىڭ تولىسى ھايۋانلار توغرىلىق. بۇ چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسمىدا پەقەت ھايۋانلار توغرىلىقلا ھېكايە قىلىنسا، يەنە بىر كىسمىدا ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار ئارىلىشىپ كېلىدۇ. ھايۋانلارنىڭ بەدىي ئوبرازلىرى خەلقنىڭ ئەمگەك تەجرىبىسى ئاساسىدا ۋە تەبەت سىرلىرىنى ئېچىش ئاساسىدا ھاسىل قىلىنغان. مۇنداق چۆچەكلەرنىڭ ئاساسى مەزمۇنى خەلق بىلەن توغرىدىن-توغرا مۇناسىۋىتى بولغان ئايرىم ھايۋان ياكى قۇشلارنىڭ مۇجەز-خۇلقى ۋە ئادەتلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىشتىن ئىبارەت «بالىنىڭ پاقا يېيىش سەۋەۋى، تۆگىنىڭ سۇ ئىچكەندە ھەر تەرەپكە قاراپ قوبۇشلىرى، ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى، توشقان كالپۇكىنىڭ ژۇرۇق بولۇشىنىڭ سەۋەۋى ۋە باشقىلار». توپلامدا ئورۇن ئالغان «ماختانچاق پاشىلار»، «كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق»، «اچ بۆرە»، «بۆرە، تۈلكە ھەم بۆدۈنە»، «قۇتلۇق بىلەن قالىگاچ» ۋە باشقىلار. ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان پىكىرگە ياخشى دەلىل بولالايدىغان چۆچەك ژانىرىنىڭ ئاسىسىي ئۆزگىچىلىگى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىكى قەھرىمان ھەر قاچان ئادەم بالىسىنىڭ ئەڭ ياخشى خىسلەتلىرىگە ئىگە، مەسىلەن: كۈچ-غەيرەت، ئەپچىللىك، ئەقىل، پەم-پاراسەت، ئىنسانپەرۋەرلىك. چۆچەك قەھرىمانى ئۆزىنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خەلقىمىز مۇجەز-خۇلقىدا ئەسىرلەر مابايىندا قېلىپلاشقان ئېزگۈ خىسلەت ۋە ئەڭ يۈكسەك ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ. ھەر بىر چۆچەككە چوڭقۇر ئوپتىمىزم خاس: ياخشىلىق يامانلىقنى يەڭمەي قالمايدۇ، ھەقىقەتنىڭ

يەڭگىنى-يەڭگەن.

ئۇيغۇر تىلسىمات چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئەجدىھا، دىۋىلەر، دۆپۇرىلەر ئۆزىنىڭ ئەجايىپ كۈچ-قۇۋۋىتىگە ۋە ئىش قابىلىيىتىگە قارىماي، چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك، بۇلاردا تاغنى تاققا ئۇرۇپ قۇم قىلىۋېتىدىغان ياكى پۈتكۈل جاھاننى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغان كۈچ بولسىمۇ، لېكىن پەم-پاراسەتكە ئېگە بولغان غەيرەتلىك ئادەملەر بىلەن ئېلىشقاندا، يېڭىلمەي قالمايدۇ، چۈنكى ياخشىلىق يامانلىقتىن كۈچلۈك، دۇنيادا ئادەم بالىسىنىڭ ئەقلى-ھوشىدىن ئەلا نەرسە يوق دېگەن سۆز. توپلامغا كىرگەن «ئاخماق دىۋىلەر» بۇنىڭغا ياخشى ئىسپات. شۇڭلاشقا چۆچەكلەرنىڭ ئاخىرى ھەممىنىڭ كۆڭلىنى رازى قىلغان ھالدا، خاتىرجەملىك بىلەن تۈگەپ، «ئۇلار مۇرات-مەخسەتلىرىگە يەتتى» دېيىشى شۇنىڭدىن. چۆچەكلەردىكى مۇنداق ئاساسىي ماھىيەت-مەزمۇن بۇ كۈنلەردىمۇ ئۆزىنىڭ جەمى قىلغۇچى كۈچىنى، باھالىق ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق. چۆچەكلەردىكى ئېجابىي قەھرىمانلار ياش ئۆسمىلەر قەلبىدە يۈكسەك تۇيغۇلارنى ھەم ئىستەك، ئارزۇلارنى ئويغىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ رىيال تۇرمۇشقا باغلىق چۆچەكلىرىنىڭ قەھرىمانى ئادەتتىكى كەمبەغەل، شاگىرت، ياكى ژېتىم بالا. ئۇنىڭ ئاساسىي خىزمىتى ئۇ ئەقىللىق، پەم-پاراسەتلىك. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئادەتتىكى خانلار، بايلار ۋە موللىلار. بۇ چۆچەكلەردىكى فانتازىيا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلاردىكى ھۆكۈمران سىنىپ ۋەكىللىرى بىلەن خەلىق ئېچىدىن چىققان قەھرىمانلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئادەتتىكى رىيال مۇناسىۋەتلەردىن ئەمەس. بۇ چۆچەكلەردىكى قەھرىمان ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىغى، تاپقۇرلىغى بىلەن خاننى ھەم باينى يېڭىۋالىدۇ، ھەتتا جازالايدۇ. مۇنداق ۋاقىتلاردا باي كەمبەغەلدىن گۇناسىنى كەچۈرۈشنى سورايدۇ، ئۆز مۈلكىدىنمۇ كېچىپ، جېنىنى ساقلاپ قېلىشنى سورايدۇ. توپلامدىكى «ئاخماق پادىشا»، «ۋۈژمە سايىسىنى ساتقان باي» چۆچەكلىرى بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، ھەقىقىي تۇرمۇشتا بولمىغان، بەلكى خەلىق ئېچىدە ئىجتىمائىي ئادالەتلىكنىڭ غالىبىيەت قازىنىشى توغرىلىق ئارزۇسىدۇر.

ئۇيغۇر ھەجۋىي چۆچەكلىرىنىڭ ئىككىنچى تۈرىنى كىشىلەرنىڭ ئايرىم كامچىلىقلىرى، تەنقىت قىلىنىدىغان چۆچەكلەر تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەربىيەۋىي ئەھمىيىتى ناھايىتى چاڭ، چۈنكى چۆچەكلەر ئوي-پىكىر ئويغىتىپ، ئۇنى ئۇششاق سۆز، قوپاللىقتىن ساقلايدۇ ۋە ئادەمنى ياخشى تۇرمۇش ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە ئايرىم كىشىلەرنىڭ ھورۇنلۇق، بېخىللىق، قورققانچاقلىق، جاھىللىق، نادانلىق، ئالدىراقسانلىق، ئاخماقلىققا ئوخشاش سەلبىي خىسلەتلىرى ناھايىتى كۈچلەندۈرۈپ كۆرسىتىلگەن. بۇ چۆچەكلەرنىڭ بەدىي ئەھمىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەجىمى جەھەتىدىن قىسقا، كىشىلەرنىڭ سەلبىي خۇلقى-مۈجەزلىرىنىڭ پاش قىلىنىشى ناھايىتى كۈچلۈك. ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ بۇ تۈرى ھازىرقى كۈندىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىدى ۋە تەربىيەۋىي كۈچكە ئېگە.

م. ئەلىيېۋا,
فىلولوگىيا پەنلىرىنىڭ كاندىداتى.



## ئاخماق دېۋىلەر

قارغا تارازىچى، سېغىزغان خەۋەرچى، توشقان ئۇيالچاق ۋاقىتتا، سەھرايى بالاگەردەندە ئاتىسى بىر، ئانىسى باشقا ئۈچ ئوغۇل بولغان ئىكەن. ئەڭ كىچىكى بىر ئانىدىن يالغۇز ئىكەن، چوڭلىرى بىر ئانىدىن ئىكەن; ئاتا-ئانىلىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار مىراس بۆلۈشۈپتۇ. بۆلۈشىسىمۇ، بىر قورادا بىللە ياشاپتۇ. چوڭلىرى كىچىكلىرىنى ئاني تېپىپ، ئالداپ-سالداپ ئۇنىڭ مىراسىنى تەڭ يەپ بوپتۇ. ئۆزلىرىنىڭكىگە نوۋەت كەلگەندە، كىچىكىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

بېشى قېتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمىگەن بۇ بالا بىر چۆلدە كېتىپ بارسا، ئېگىزلىكى ئون غۇلاچ، كەڭلىكى بەش غۇلاچ كەۋەتمۇ يوغان بىر دېۋىنىڭ كېلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپتۇ. قارىسا، دېۋە كۈلۈپ، خوشال كېلىۋاتقان; كۈلگەندە بىر كالپۇكى ئاسماندا، بىر كالپۇكى يەردە سۆرۈلۈپ ماڭىدىكەن. قورققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمىگەن بالىمۇ دېۋىنىڭ ئالدىغا كۈلۈپلا بېرىپتۇ.

— ھەي، ئاخماق بالا! — دەپتۇ دېۋە.

— نېمىشكە ئاخماق دەيسەن؟ — دەپ يەنە كۈلۈپتۇ بالا.

— مېنىڭ قوسۇغۇم تازا ئاچ ئىدى، يەيدىغان رىسقا ئۇچرىغانلىغىغا خوشال بولۇپ كۈلدۈم. سەن نېمە دەپ كۈلۈسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بالىدىن.

— ھەي، ئاخماق دېۋە، راست ئاخماق ئىكەنسەن: مەن يەرنىڭ تېگىدىن چىقىپ كېلىۋاتىمەن.

— نېمىشكە؟ — دەپتۇ دېۋە بىلمەك بولۇپ.

— ۋەيلۇن دېگەن دوزاقنىڭ تۈۋرۈكى ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. مانا شۇنىڭغا لايىق تۈۋرۈك تېپىش ئۈچۈن مېنى خۇدا بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى. شۇنى ئىزدەپ، تاپالماي ھېرىپ ژۈرسەم، سەن ئۇچراشتىڭ: مانا شۇنىڭغا خوشال بولۇپ كۈلۈۋاتىمەن، — دەپتۇ.

خۇدا ئەۋەتتى دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان دېۋە بالىدىن قورقۇپتۇدە:

— ئانداق قىلما، ۋەيلۇن دوزىغى — ئوت بولسا، مەن ئۇنىڭدا پۇچىلىنىپ كېتىمەن، مېنى قويۇپ بەرسەڭ، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ دېۋە.

بالا ئۆزىنى توختىتىۋاپتۇدە:

– ياق، سىنىڭ بويىڭنىڭ ئېگىزلىگى، غوللىرىڭنىڭ كەڭلىگى، قاۋۇللىغىڭ دوزاقنىڭ تۆۋرۈكىگە خوپ كېلىدۇ; مەن يەنە نەدىن ئىزدەپ ژۈرەي... جۈر، سېنى ئاپىرىمەن، ئۇنىمساڭ، ئەزرايىل كېلىپ، جېنىڭنى ئالىدۇ، – دەپتېكەن، دېۋە تېخىمۇ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

– ماڭا بىر ياخشىلىق قىلساڭ.

– سەن تېخى مېنى كۆرۈپ ئوزۇق تاپتىم دەپ، خوشال بولۇپ كۈلگۈنىڭنى قارا! دوزاققا تۆۋرۈك قىلىپ، موماڭنىڭ مومىسىنى كۆرستىمەن! – دەپ تۇرۇۋاپتۇ بالا.

– ئانداق قىلما، مېنى قويۇپ بەرسەڭ، بىر تۇلۇم ئالتۇن بېرىمەن!

– ياق! ئىككى تۇلۇم بەرسەڭ، قويۇپ بەرسەم، بېرەي، ئامما ساڭا ئوخشاش دوزاقنىڭ تۆۋرۈكىگە لايىقنى تامپىغىم تەس، – دەپتۇ.

– مەن ئالتۇننىڭ ئۈچۈن بارمايمەن، خالىساڭ ئۆزەڭ ئەكىلىپ چىنار تۈۋىگە تىقىپ قوي. كەلمىسەڭ، بەرى بىر تاپىمەن.

– بولىدۇ، – دەپ، دېۋە ئۆز غەزنىسىگە ژۈگرەپتۇ. بالا بولسا، دېۋىدىن قۇتۇلغىنىغا خوشال بولۇپ، كەينىگە ژۈگرەپتۇ. قېچىپ كېلىۋېتىپ ھېرىپتۇ. غىڭ تۈزدىن جاي تاپالماي، يەنە مېڭىپتۇ، ئاخىرى بىر چىنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دەم ئېلىپ ئولتىرىپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، دېۋە ئىككى قولتۇغىغا ئىككى تۇلۇم ئالتۇننى قىستۇرۇپ، چىنارنىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەپتۇ، تۇلۇملارنى چىنارغا يۆلەپ قويۇپ، تەرىنى ئېتىپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراپ، بالا كۆرۈنمىگەندىن كېيىن: «بۇ جايدىن چاپسان كېتەيچۇ» دەپ مېڭىپتۇ. دېۋە كېتىۋاتسا، ئالدىغا باشقا دېۋە يولۇقۇپتۇ. ھال سورىشىپ، بولغان ۋاقىەنى ئۇقاندىن كېيىن:

– ئاخماق، – دەپتۇ ئۇچراشقان دېۋە، – ئۇ سېنى ئالداپ كېتىپتۇ. جۈر، ئۇنى تېپىپ يەيمىز، – دەپ باشلاپ يەنە چىنار تەرەپكە مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا بالا چىناردىن چۈشۈپ، ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېتەي دەۋاتقان ئېكەن، بوران چىقىپتۇ. قارىسا دېۋىلەر كېلىۋاتقان، ئۇ چىنارغا قايتىدىن چىقىۋاپتۇ.

بىر چاغدا ئىككى دېۋە چىنار تۈۋىگە كېلىپ ئولتىرىپ، يەر تىلغاپتۇ.

– تاپسام بىر يالماپ ژۇتاتتىم، – دەپتۇ قوشۇلغان دېۋە. بالا چىنار ئۈستىدە قورقۇپ كېتىپ، پالاق-پۇلۇق قىلىپ، چىناردىن ژىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بالىنىڭ تۇيۇقسىزدىنلا ئاسماندىن چۈشكىنىنى كۆرگەن ئىلگەركى قورققانچاق دېۋە، ژۈرىگى ئاغزىغا تىقىلىپ، ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي:

– ئەندى جېنىمىزنى ئالىدىغان بولدى! – دەپ قۇيرىغىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا دېۋىمۇ تىلى گەپكە كەلمەي، ھوشىنى بىر يوقىتىپ تۈزۈلۈپتۇدە، قېچىپتۇ.

بالا بۇنى كۆرۈپ:

– توختا، توختا! – دەپ پوپۇزا قىپتۇ. دېۋىلەر توختىماي، ئالدى-كەينىگە قارىماي، قاچقانچە قېچىپ كېتىپتۇ.

– «قورققاڭھا قوش كۆرۈندى»، دېگەن موشۇكەن دەپ، بالا ئالتۇنلارنى ئېلىپ ئۆيىگە كەپتۇ.

ئاكىلىرى قارىسا، ئىنىسى باي بولۇپ كەتكەن.

– قانداق باي بولدۇڭ؟ – دەپ سوراپتۇ.

– چىنار تۈۋىدە دېۋىلەرنىڭ تۇلۇم-تۇلۇمدا ئالتۇنى بار ئېكەن، شۇنىڭدىن ئېلىپ كەلدىم.


– قانداق ئالدىڭ؟

– تازا ئاپتاپتا چىنار ئۈستىگە چىقىپ ئولتارساڭ، دېۋىلەر ئالتۇننى كۆتىرىپ كېلىپ، چىنارغا يۆلەپ قويۇپ، ئۆزلىرى تاققا سالقىندىغىنى كېتىدېكەن، شۇ چاغدا ئېلىپ كېتىۋېرىسەن، – دەپتۇ.

ئاكىلىرى ئىنىسىنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىپ، چىنار تۈۋىدە چىڭقى چۈشتە ئولتارسا، بىر توپ دېۋىلەر كېلىپ، ھېلىقى ۋاقىەنى سۆزلىشىۋاتقىدەك، بۇنى ئاڭلاپ ئاكىلىرى قورقۇپ كېتىپ، چىنار ئۈستىدە مىدىرلىشىپتېكەن، شاخلىرى شىلدىرلاپتۇ، بۇنى بىلىپ قالغان دېۋىلەر چىنارنى يىلتىز-پىلتىزى بىلەن قومىرىۋېلىپ سۆرەپ قېچىپتۇ، ئاكىلىرى ئۆلۈپ كەتتىمۇ، ساق قالدىمۇ – بىلەلمىدىم، ئۇلار شۇ يەردە قالايمىقان بولۇشۇپ قالغان، مەن بۇ ياققا كېتىۋەردىم.

## **ئاخماق پادىشا**

ئۆتكەن زاماندا بىر ئاخماق پادىشا بولغان ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن قورقۇپ، نېمە بۇيرىسا شۇنى قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشا بىر ئادەمگە يولۇقۇپتۇ. ئۇنىڭدىن:
– سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ – دەپ سوراپتىكەن، ئۇ ئادەم قورقۇپ كېتىپ:
– مەن تاغ كۆتىرىدىغان ئادەم، – دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشا:
– ئانداق بولسا، ئوردىنىڭ ئالدىدىكى تاغنى يۆتكە، – دەپتۇ.
ئۇ ئادەم:
– ماقۇل، – دەپتۇ.
پادىشا:
– ساڭا نېمە لازىم؟ – دەپتىكەن.
– ماڭا ھېچ نېمە لازىم ئەمەس، پەقەت بىر ژىلدا بىر قېتىم تاغ يۆتكەيمەن، شۇڭغىچە يەتكىدەك كىيىم-كېچەك، يېمەك-ىچمەكلىرىمنى يەتكۈزۈپ بەرسىڭىز بولىدۇ، – دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.
پادىشا:
– نېمە يېسەڭ، نېمە كىيسەڭ ئىختىيار ئۆزەڭدە، ئوردىدىن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، – دەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، بىر ژىل پادىشانىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، تامىغىنى يەپ ژۈرۈپتۇ. ژىل توشقاندىن كېيىن، پادىشا پۈتۈن ژۇتنى ئوردا ئالدىغا ژىغىپ:
– ھازىر تاغ كۆتىرىدىغان باتۇرنىڭ كۈچىنى كۆرۈڭلار! – دەپ جار سالپتۇدە، كېيىن باتۇرغا قاراپ:
– قېنى، تاغنى كۆتەر! – دەپتىكەن، ھېلىقى ئادەم تاغنىڭ باغرىغا ژۈگرەپ بېرىپ تاققا دۈمبىسىنى يۆلەپ تۇرۇپتۇ.
پادىشا:
– كۆتەر!.. – دەپتۇ يەنە. ھېلىقى ئادەم:
– سىز باشلىق بولۇپ، تاغنى دۈمبەمگە ئارتىپ قويۇڭلار، ئاندىن ئۆزەم ئورنىدىن يۆتكەۋېتىمەن، – دەپتىكەن.
پادىشا:
– بىز قانداق ئارتىمىز؟ – دەپتۇ.
شۇ چاغدا ھېلىقى ئادەم:
– سىلەر تويلىشىپ كۆتىرەلمىگەن تاغنى مەن يالغۇز قانداق كۆتىرىمەن؟ – دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.





**ئادەم ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلمايدۇ**

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلى بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلى ناھايىتى ھىلىگەر بولۇپ، كەنجە ئوغلى ناھايىتى ساددە، ژۇگاچ، ئاق كۆڭۈل ئىكەن. ئاكىلىرى ئۇنى دايىمەن «ئخماق» دەپ تىللايدىكەن. ئامما دادىسى ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن. بوۋاي: «مېنىڭ كەنجە ئوغلۇم داۋادۇرچى ناھايىتى ياخشى ئادەم بولىدۇ»، دەپ مەغرۇرلانسا:

– ھە، سېنى كىم بېقىۋاتىدۇ؟ كىم پۇل تېپىۋاتىدۇ؟ – دەپ ئىككى چوڭ ئوغلى بوۋايغا دوق قىلىدىكەن.

بىر كۈنى داۋادۇرچى يولدا كېلىۋېتىپ، چۈشۈپ قالغان بىر باغلام پۇلنى تېپىۋاپتۇ ۋە دەرھال پۇل چۈشەرگەن ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ئات بىلەن قوغلاپ بېرىپ، تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىككى ئاكىسى:

– «ياماڭھا ياغ ياراشماس» دېگەندەك، بىر ئاتنى قىيناپ، ئۇنى قوغلاپ بارغىنىنى قارا، ھەي ئاخماق!..
– دەپ تازا تىللاپتۇ.

يەنە بىر كۈنى داۋادۇرچى تاغدا قوي بېقىۋاتسا، باشقا بىر كىشىنىڭ ئېزىقىپ كەتكەن قويلىرى كېلىپ، ئۇنىڭ قويلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ. داۋادۇرچى ئۇ قويلارنىڭمۇ ئىگىسىنى تېپىپ، ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىككى ئاكىسى يەنە:

– سەن نېمە دېگەن ئاخماق ئادەمسەن؟! خۇدايىم بەرگەن قويلارنى سويۇپ يەۋالماي، ئىگىسىگە بېرىۋەتكىنىڭ نېمىسى؟! ساڭا بەرگەن تاماقمۇ هارام كېتىپتۇ، – دەپ ئىنىسىنى تازا ئۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى چوڭ ئاكىسى داۋادۇرچىنى سىنىماق بولۇپ، پۇل بېرىپ، بازارغا ئەۋەتىپتۇ.

– بۇ پۇلغا ئۆزەڭگە نېمە لازىم بولسا، شۇنى سېتىۋال، – دەپتۇ.

– ھا-ھا-ھا! بۇ ئاخماق نېمە سېتىۋالالايدۇ دەيسەن، – دەپ كۈلۈپتۇ ئوتتۇرانچىسى.

كەچ كىرىپ، ئەل ئۇخلاي دېگەن ۋاقىتتا داۋادۇرچى بازاردىن قايتىپتۇ.

– قېنى، ئۇكام، سودا قىلالىدىڭمۇ؟ – دەپ سوراپتۇ چوڭ ئاكىسى.

– بازارنىڭ ھەممە يەرلىرىنى قالدۇرماي ئارىلىدىم، ماڭا لازىم ھېچ نەرسە يوق ئىكەن. مە، پۇلۇڭنى!
– دەپ ئاكىسىغاياندۇرۇپ بېرىپتۇ.

ئاكىسى ئېخىمۇ خاپا بولۇپ:

– يوقال كۆزۈمدىن، سەندەك ئاخماقنى باقمايمەن! – دەپ قوغلاپ چىقارماقچى بوپتۇ.

– ياق! ئۇنى نەگە قوغلايسەن، ئاچتىن ئۆلىدۇ، ئۇ سىلەردەك ھىلىگەر ئەمەس، – دەپتۇ ئاتىسى.

داۋادۇرچى بوۋايغا قاراپ:

– ھېچقىسى يوق، دادا! مېنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ، مەن ئۆلمەيمەن، شەرىقتە بىر دانىشمەن بوۋاي بار دەيدۇ. دۇنيادىكى مەندەك غېرىپ كىشىلەر بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەقىل سوراپ مۇرادىغا يەتكەن ئىكەن. مەنمۇ شۇنىڭ قېشىغا باراي، – دەپ تايىغىنى ئېلىپ، ژىراق سەپەرگە چىقىپتۇ.

داۋادۇرچى مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىرى بىر ئەلگە يېتىپتۇ. قارىسا، بۇ ئەلنىڭ مال-ۋارانلىرى قۇرۇق سۆيەك بولۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرالماي قاپتۇ، ئادەملىرى بولسا، چىرايلىرى ساماندەك سارغىيىپ، دات-پەرياد قىلىشىپ يېتىپتۇ.

– سىلەرگە نېمە بالا يەتتى؟ – دەپ داۋادۇرچى ئۇلاردىن سوراپتۇ.

– ئۇكام، بىزنىڭ دەريانىڭ سۈيى قۇرۇپ كەتكەڭە توپتوغرا بىر ئاي بولۇپ قالدى. ئالتۇنسىز ئۆمۈر سۈرۈش مۇمكىن، ئامما سۇسىز ھايات كەچۈرۈشكە بولمايدىكەن. ئەگەر موشۇ ھال داۋاملىشىدىكەن، ھەممىمىز قىرىلىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز، – دېيىشىپتۇ.

داۋادۇرچى ئۇلارغا:

– مەن ژىراقتىن دانىشمەن بوۋايغا كېتىپ بارىمەن، ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا سىلەرنىڭ موشۇ ھالىڭلارنى ئېيتىپ بېرەي، – دەپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

كۆن پاتاي دېگەندە تاغ باغرىدىكى بىر يالغۇز ئۆيگە بېرىپ يېتىپتۇ. ئۇ ئۆيدىن گۆزەل بىر قىزنى يېتەكلەپ، بىر موماي چىقىپتۇ. داۋادۇرچى موماي بىلەن قىزغا سالام بېرىپتۇ. ئامما قىزىدىن ھېچ قانداق جاۋاپ چىقماپتۇ.

موماي ئالدىراپ:

– بالام، قىزىمدىن خاپا بولماڭ، ئۇنىڭ كۆزى قارىغۇ. ئۆمۈر بويى كۆننىڭ نۇرىنى كۆرەلمىگەن، سۆزلەش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، كۈلۈشنىمۇ بىلمەيدۇ، – دەپتۇدە، ژىغلاپ كېتىپتۇ.

داۋادۇرچى:

– ژىغلىماڭ، چوڭ ئانا، – دەپتۇ. – مەن دانىشمەن بوۋايغا كېتىپ بارىمەن، قىزىڭىزنى قانداق ساقايتىش مۇمكىنچىلىگىنى ئۇنىڭدىن سوراپ كېلەي، – دەپتۇدە، يەنە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

داۋادۇرچى تاغلاردىن ئېشىپ، چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ، دەريالاردىن ئۆتۈپ ژۈرۈپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە تاغ بېشىدىكى دانىشمەن بوۋايغا يېتىپ بېرىپتۇ.

دانىشمەن ئۇنى كۆرۈپ:

– قانداق ھاجەت بىلەن مېنى ئىزدەپ كەلدىڭ؟ – دەپتۇ.

– بۇ ياقتا بىر ئەلنىڭ دەريا سۇلىرى قۇرۇپ كېتىپ، ئادەم ۋە ماللىرى ھالاك بولۇشقا ئاز قاپتۇ. يەنە بىر قارىغۇ قىز كۆردۈم، ئۇ ئون ئالتە ياشقا كىرگىچە كۆننىڭ نۇرىنى كۆرمەپتۇ، خوشال بولۇشنىمۇ بىلمەيدىكەن. قانداق قىلغاندا دەرياغا سۇ كەلتۈرۈشكە ۋە قانداق قىلغاندا قىزنىڭ كۆزىنى ساقايتىشقا بولىدىغانلىغىنى سىزدىن سوراپ كەلدىم، – دەپتۇ داۋادۇرچى.

دانىشمەن بوۋاي ئۇنىڭغا:

– سەن قايتقاندىن كېيىن، ئۇ ئەلنىڭ ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريانىڭ بېشىغا بارساڭ، بۇ مۈشكۈل شۇ يەردە ھەل بولىدۇ. ئەندى قىزنى بولسا، ئۇنىڭ بولغۇسى ئېرى سول قولىدىن تۇتسا، دەرھال ساقىيىدۇ. مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئەتە كۆن چىققىچە ئىشلەپ بولۇشىڭ كېرەك، – دەپتۇ. داۋادۇرچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ماڭماقچى بولغاندا، بوۋاي:

– توختا، سەپىرىڭ ژىراق – ئۈلگىرەلمەيسەن، ئات مىنىپ كەت، – دەپ بىر ئەپسۇن ئوقۇغان ئىكەن، ئېگەرلەڭەن بىر قۇلا ئات داۋادۇرچىنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. داۋادۇرچى قۇلا ئاتقا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ.

– دانىشمەننىڭ پەرمانىنى ئاڭلاڭ! قىزىڭىزنىڭ بولغۇسى ئېرى ئۇنىڭ سول قولۇنى تۇتقاندا، قىزىڭىز دەرھال ساقىيىدىكەن، – دەپتۇ.

موماي خوشال بولۇپ:

– مىڭ رەخمەت، بالام، ئۇنىڭ قايسى قولى سول قولى بولىدۇ؟ ماڭا كۆرسىتىپ بەرسەڭچۇ، – دەپتۇ.

– مونۇ سول قولى بولىدۇ، – دەپ داۋادۇرچى قىزنىڭ سول قولىنى تۇتقان ئىكەن، شۇ زامان قىز قاقاخلاپ كۈلۈپ:

– ۋىيەي، ئاپا، كۆزۈم ئېچىلدى، ئاسمان! كۆن! تاغ، يايلاق! ئەينە، ھەممىنى كۆرىۋاتىمەن. مەن بەختىلىك ئىكەنمەن، – دەپتۇ.

ئاپىسى داۋادۇرچىنى قۇچاقلاپ، ماڭلىيىدىن سۆيۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:
— بۇ ئەھۋالغا قارىغاندا قىزىمنىڭ بولغۇسى ئېرى سەن ئىكەنسەن، مېنىڭ بالام ئىكەنسەن، ئەندى موشۇ يەردە تۇرۇپ قالغىن بىزدە ئۆي-جاي ھەممىسى بار، سىلەرنى قوشۇپ قويىمەن، بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇڭلار، — دەپتۇ.
— ياق، ئاپا! مەن ھازىرچە بۇ يەردە بولالمايمەن. ئەتە كۈن چىققىچە ئۈلگىرىپ دانىشمەننىڭ بۇيرۇغىنى يەتكۈزمىسەم، پۈتۈن بىر ئەل ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، — دەپ داۋادۇرچى مېڭىشقا ئالدىراپتۇ.
— ئاكا! مەن سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن. مېنى ئېلىپ كېتىڭ، — دەپ گۆزەل قىز ئۇنىڭغا يېپىشىۋاپتۇ.
داۋادۇرچى گەپ قىلماستىنلا قىزنى كەينىگە مىڭەشتۈرىۋېلىپ، مېڭىپ كېتىپتۇ.
دەريا سۇلىرى قۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى ئەلگە بېرىپ قارىغىدەك بولسا، ھەممىسى بۇرۇنقىدەك ئورۇنلىرىدىن قوزغىلالماي يېتىپتۇ. داۋادۇرچى ئۇلارغا:
— بۇرادەرلەر! دانىشمەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار! ماغدۇرۇڭلار بارلار دەررۇ دەريانىڭ بېشىغا بېرىڭلار! — دەپ ۋاقىراپتۇ.
بۇ نىمجان بولۇپ يېتىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئازتولا ماغدىرى بارلاردىن بىر نەچچىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، داۋادۇرچىغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.
داۋادۇرچى كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، خوتۇننى مىڭەشتۈرۈپ، دەريانىڭ بېشىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ دەريانىڭ بېشىغا بېرىپ قارىسا، ناھىيىتى چوڭ بىر پىل ئۆلۈپ قاپتۇ. ئەشۇ پىلنىڭ جەسەدى دەريانى توساۋالغانلىقتىن، سۇ باشقا ياققا ئېقىپ كەتكەن ئىكەن. داۋادۇرچى دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئەگەشتۈرۈپ بارغان كىشىلەر بىلەن پىلنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرەپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دەريانىڭ سۈيى ئۆز قېنىغا چۈشۈپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر داۋادۇرچىغا رەخمەت ۋە تەشەككۈر ئېيتىپ، خوشال بولۇشۇپتۇ.
— قېنى، مېھرىۋانىم، ئارزۇ-تىلىگىمنى ئورۇنلىدىم. ئەندى بىزنىڭ ئۆيسەگە بارايلى، سىزنى دادامغا كۆرسىتەي، — دەپتۇ داۋادۇرچى.
ئىككىلىسى يول ژۈرۈپ بىر دەريا — سازنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ بېرىپ، دەم ئالماقچى بولۇپ ئاتتىن چۈشۈپ قارىسا، قۇمنىڭ ئۈستىدە چىرايلىق بىر بېلىق نىمجان بولۇپ يېتىپتۇ. داۋادۇرچى ئۇنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئېلىپ، دەرياغا قويۇۋېتىپتۇ. بېلىق سۇغا چۈشكەندىن كېيىن بىر-ئىككى ئېغناپ، بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ:
— جان ئاكا، سەل تۇرۇپ تۇرغۇن، — دەپ قويۇپلا، سۇ ئاستىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، دەريادىن قۇلا ئاتقا مىڭگەن بىر كىشى داۋادۇرچىنىڭ ئالدىغا چىقىپ:
— سىزنى دېڭىز پادىشاسى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلدى، قېنى، تېز جۈرۈڭ، — دەپتۇ.
داۋادۇرچى ئۇنىڭغا قاراپ:
— سىز كىم بولىسىز؟ مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭكىگە بارىمەن؟ — دەپتۇ.
— سىز دېڭىز پادىشاسىدىن قورقۇۋاتامسىز؟
ياق، قورقۇۋاتقىنىم يوق. ماقۇل، بارسام باراي، دېڭىز پادىشاسىنى كۆرۈپ كېلەي، — دەپتۇدە، خوتۇنىغا قاراپ، — سەن دادامنىڭ قېشىغا بېرىپ مېنى كۈتۈپ تۇرغىن، — دەپ قويۇپ، دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇلار ئوردىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، پادىشا قولىغا چىرايلىق بىر بېلىق تۇتقان بويى داۋادۇرچىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ:
— كېلىڭ! ساق-سالامەتمۇسىز؟ مېنىڭ سۆيۈملۈك يالغۇز قىزىمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپسىز، رەخمەت. بىر دەمدىلا سۇ پادىشاسىنىڭ قولىدىكى ھېلىقى بېلىق ئالتۇن چاچلىق ئاپپاق قىز بولۇپ قاپتۇ. پادىشا يەنە:
— سىز بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭ! سىزگە قىزىمنى بېرىمەن، — دەپتۇ.
— رەخمەت، پادىشايىم. مەن بۇ يەردە تۇرالمايمەن، يەر ئۈستىدە خوتۇنۇم، قېرى دادام كۈتۈپ قالدى. ئۇلارغا مەندىن باشقا قارايدىغان ئادەم يوق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ داۋادۇرچى.
— مەيلى، بۇ يەرنى خالىمىسىڭىز، زورلاپ قالدۇرالمايمەن. قىزىمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئازىراق نەرسە تەغدىم قىلىمەن. مانا، بۇ: «سۇلايمان قالپاق». بۇنى كىيىۋالسىڭىز، ئادەمگە كۆرۈنمەس بولۇپ قالىسىز. مانا، بۇ: «ئالتۇن پالتا». بۇنى يەرگە يەتتە قېتىم چاپسىڭىز، ئالتۇن ئىمارەت پۈتۈپ چىقىدۇ. يەنە بىر «جۇگا» بېرەي، بۇمۇ سىزگە كېرەك بولۇپ قالار. بۇنى كىيىپ ئۈچ قېتىم سىلكىنسىڭىز قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ، — دەپ پادىشا سوغىلىرىنى بېرىپتۇ ۋە خىزمەتچىلىرىگە بۇ ژىگىتنى ئۇزۇتۇپ قويۇشنى تاپشۇرۇپتۇ.

داۋادۇرچى ئوردىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارىسا، قۇلا ئات شۇ يەردە ھازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئاتقا مىڭەن زامان قىرغاققا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ پادىشا بەرگەن جۇگنى كىيىۋېلىپ، سۇلايمان قالپاق بىلەن ئالتۇن پالتىنى قوينىغا سېلىپ، ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

كۆن پاتاي دېگەن ۋاقىتتا داۋادۇرچى مەلىگە يېتىپ كېلىپ قارىسا، مەلىدىكى ئۆيلەرنىڭ چېتىدە يېڭى بىر ئۆي تۇرغىدەك. شۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىمىكىن دەپ قارىسا، چوڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيى ئىكەن. داۋادۇرچى سۇلايمان قالپاقنى كىيىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيدە ئىككى ئاكىسى پاراڭلىشىپ ئولتارغان ئىكەن:

— يامغۇر ياغمىغىلى ئۇزۇن بولدى، قۇرغاقچىلىقتىن ماللىرىمىز ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. بىز مال ۋە ئۆيلىرىمىزنى دەريا بويىغا كۆچىرىۋالايلى، قېرى دادىمىز بىلەن ئاخماق ئىنىمىز نېمە بولسا شۇ بولسۇن، كارىمىز يوق، — دەپتۇ چوڭ ئاكىسى. بۇ سۆزلەرگە ئىككىنچى ئاكىسمۇ ماقۇل بولۇپتۇ.

داۋادۇرچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆز ئۆيىگە كېتىپتۇ. ئۇ ئۆز ئۆيىگە كېلىپ، كۆرۈنمەستىن يېتىپ قاپتۇ. ئاكىسى شۇ كېچىسى مال ۋە ئۆيلىرىنى كۆچىرىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا داۋادۇرچى سۇلايمان قالپىغىنى بېشىدىن ئالغاندا، دادىسى بىلەن ئايالىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خوشال بولۇپتۇ.

— بالام، سېنىڭ كەلگىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇ يەردە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولۇپ كەتتى. ئەندى بىرەر سۇلۇق يەرگە بېرىپ قونمىساق بولمىدى. چېپىڭنى ئىچىۋېلىپ ئاكاڭنىڭ يېنىغا بار، كۆچۈش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ كەلگىن، — دەپتۇ دادىسى.

— دادا، خاتىرجەم بولغىن، ئۇلار بىزنى تاشلاپ بۆگۈن تۈندە كەتتى، — دەپتۇ داۋادۇرچى.

دادىسى بۇنى ئاڭلاپ ئىككى چوڭ ئوغلىنى قاتتىق قارغاشقا باشلاپتۇ. داۋادۇرچى دادىسىنىڭ ئاچچىغىنى توختىتىپ:

— ئۇنداق قارا نىيەت كىشىلەردىن ياردەم كۈتمەيمىز. بىزگە بۇ يەردىن كۆچۈشنىڭ ھاجىتى يوق. بىز موشۇ قۇرغاقچىلىق باسقان جاينى ئاۋات قىلىپ، موشۇ يەردە قالىۋېرىمىز، — دەپتۇدە، ئۆيدىن چىقىپ، نېراراق بېرىپ، ئالتۇن پالتىسىنى يەرگە يەتتە قېتىم ئۇرغان ئىكەن، شۇ زامان ئالتۇن ئۆي پەيدا بوپتۇ.

دادىسى ئالتۇن ئۆينى كۆرۈپ خوشال بوپتۇ، يەنە ھەسرەتلىنىپ: «سۇ!» دەپتۇ.

— ھازىر، ھەممىسى بولىدۇ، — داۋادۇرچى ھېكمەتلىك جۇگىسىنى كىيىپ، ئۈچ قېتىم سىلكىگەن ئىكەن، شاقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. بۇ يامغۇر توختىماي ئۈچ سائەت يېغىپتۇ. يامغۇردىن كېيىن ئەتراپ كۆكىرىپ، چىمەنزارلىققا ئايلىنىپتۇ. مال-ۋارانلار سەكرىشىپ ئويناپ، يايلاشقا باشلاپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بوۋاينىڭ ئىككى چوڭ ئوغلى بالا-چاقىسىنى چۆل-باياۋاڭھا تاشلاپ، ئاران ئۆز جېنىنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. بوۋاي ئۇلارنى كۆرۈپ، غەزەپلىنىپ قوغلىماقچى بولغان ئىكەن، لېكىن داۋادۇرچى دادىسىدىن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ ۋە ئاكىلىرىغا قاراپ:

— مېنىڭ ئۆيۈمگە سىلەرنى سىغدۇرالايمەن، بېرىپ بالاجاقاڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

بوۋاي ئىككى چوڭ ئوغلىنى ئالدىغا قىچقىرىپ:

— قېنى، ژۈكنىپ ئولتىرىڭلار، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار! — دەپتۇ. — ئادەم ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلمايدۇ. مەن سىلەرنى تويماس، ھېلىگەر، تەييارتاپ ئادەم قىلىپ ئۆستۈرمىگەن ئىدىم. سىلەر ئۇنى نەدىن ئۆگەندىڭلار؟ ئالدىڭغا قارا، كەينىڭگە قارا، ئاۋال كۈچلۈكنى كۆر، باشقىلار ئۈچۈن غەمخورلۇق قىل. ژۇت ئادەملىرى ياخشى بولسا، سىلەرمۇ ياخشى بولىسىلەر. باشقىلارغا يامانلىق كىلساڭلار، سىلەرمۇ ئاقىۋېتىدە يامان كۈنلەرگە قالىسىلەر، — دەپ يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ.

### توشقاننىڭ كالپۇگى نېمىشكە ژۇرۇق؟

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۆرە بەك قاۋۇل ئىكەن، تۈلكە ياساۋۇل ئىكەن، قارغا ھاكىمچى ئىكەن، سېغىزغان چېقىمچى ئىكەن، غاز كانەيچى ئىكەن، ئۆدەك سۈنەيچى ئىكەن، تاشپاقا دۇنيادىن بېغەم ئىكەن، كۆل پاقىسى ئۇنىڭغا قەرىزدار ئىكەن.

بۇرۇنقى زامانلاردا بىر ھېلىگەر توشقان ياشىغان ئىكەن. ئۇ ھېلىگەرلىك بىلەن ئېيىقلارنى، بۆرىلەرنى، شىرلارنى ھەتتا ئادەملەرنى ئالداپ ژۈرەتتىكەن. بىر كۈنى شۇ توشقان ژېپ ئېگىرىپ ئولتارغان موماينىڭ

قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. موماي:
– خويما ياخشى بولدى، ئۆيدە گۆش يوقتى، – دەپتۇ.
توشقان مومايغا:
– مەن موشۇ يەردە تۇرۇپ تۇراي، سىز ئەۋۇ ياقلاردىن ئوتۇن تېرىپ كېلىڭدە، مېنى ئۈتىلەڭ، – دەپتۇ.
موماي توشقان بىلەن ژىپىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى ئوتۇڭها كەتكەندە، توشقان قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ قېچىپ ژۈرسە، شامال ئۇچرىشىپ قاپتۇ.
شامال:
– مەن سېنى دومىلىتىپ ئوينايمەن، – دېسە، توشقان:
– مەن بەرى بىر قېچىپ كېتىمەن، ئۇنىڭدىن ساڭا قىزىق ئويۇن تېپىپ بېرەيمۇ؟ – دېگەندە، شامال:
– قېنى؟ – دەپ سوراپتۇ.
– ئەۋۇ يەردە مومايىنىڭ ژىپى بار، شۇنى ئۇچارتىپ، مومايىنى راسا ئاخماق قىلمامسەن، – دەپ شامالنىمۇ يولغا ساپتۇ. توشقان خوشاللىغىدىن لىكىلداپ سەكرەپ كېلىۋاتسا، ئالدىغا يولۋاس چىقىپ قاپتۇ.
يولۋاس:
– ئۇھ، ئۇھ، دېگەن ۋاقىتتا ئۇچراشتىڭ، رىسقىلىق ئېكەنمەن، راسا تاتلىق گۆش يەيدىغان بولدۇم، – دەپ توشقاننى يېمەكچى بوپتۇ.
– توختا! مېنىڭ ئېيتىدىغان سۆزۈم بار، – دەپتۇ توشقان.
– نېمە سۆزۈڭ بار؟ – دەپ سوراپتۇ يولۋاس.
توشقان ھودۇقماي، سۆزلەشكە باشلاپتۇ:
– سەن ئەۋۇ غارنىڭ بويىدا يېتىپ تۇر، مەن ئوتۇن تېرىپ كېلەي، ئاندىن سەن مېنى پىشىرىپ يە، بولمىسا گۆشۈمنىڭ تەمى يوق، – دەپتۇ.
بۇ سۆز يولۋاسقا مايدەك تېتىپ، غار بويىدا ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. توشقان ئوتۇننى نۇرغۇن تېرىپ، يولۋاسنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ ئوتنى ئۇلۇق قالىغاندا، ئوتنىڭ ئىسسىق تەپتىدىن ئۆرلىپ ياتىمەن دەپ، يولۋاس غارغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.
توشقان چېقىراپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپ بارسا، ئوچىلار ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئوچىلار ئۆدەك، قىرغاۋۇل، تۈلكىلەرنى ئېتىۋالغان ئېكەن. بىر ئوچى توشقاننى كۆرۈپ ئاتاي دەپ تۇرغاندا، توشقان:
– ھەي-ھەي! توختاڭلار! مەن سىلەرگە ناھايىتى پايدىلىق نەرسە ئېيتىمەن. مونۇ غارنىڭ نېرىسىدىكى غارنىڭ بويىدا بىر يولۋاس ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسىلىپ قاپتۇ، سىلەر بېرىپ كېلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئولجاڭلارغا قاراپ تۇراي، – دەپتىكەن، ئوچىلار ژۈگرىشىپ كېتىپتۇ.
ئوچىلاردىن قۇتۇلۇپ خوشال كېتىپ بارغاندا، بۈركۈت ئۇچرىشىپتۇدە:
– سېنىڭ بېشىڭنى چوقۇلايمەن، – دەپتۇ.
– مېنىڭ بېشىمنى نېمە قىلىسەن. مېنىڭ بىلەن سەن تويمايسەن، ئەۋۇ يەرگە بارساڭ بىر يولۋاس ئىككى تاشنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ قاپتۇ، بېرىپ شۇنى چوقۇلا، ساڭا بىر ژىلغا يېتىدۇ، – دەپتۇ.
توشقان ھەممىنى يولغا سېلىپ، ئۆزى ئېگىز تاققا چىقىپ قارىسا: موماي ئوتۇنلارنى، شامال ژىپىنى، بۈركۈت يولۋاسنى ئىزدىشىپ ژۈرۈپتۇ. توشقان ئۆزىنىڭ مۇنچىلىك قۇۋلۇق ئىشلەتكىنىگە خوشال بولۇپ، شۇنچىلىك قاتتىق كۈلۈپتۇكى، ھەتتا ئۇنىڭ كالپۇكى ژىرىلىپ كېتىپتەكمىش. شۇنىڭدىن بېرى توشقاننىڭ كالپۇكى ژۇرۇق بولۇپ قاپتۇ.

## **نېمىشكە ئۇلار كەلمەيدۇ؟**

قېدىمىي زامانلارنىڭ زامانىسىدا، ئەجايىپ چىرايلىق تۆگە بولغان ئېكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇن، ئەگرى شاخاراپ كەتكەن مۈڭگۈزى، قېلىن، يۇمشاق، ئېپەكتەك كوكۇلى، يايلى، قۇيرۇگى، ئەجايىپ سەزگۈر، ئۇزۇن، چىرايلىق قۇلىغى بارلىق ھايۋانلارنى قىزىقتۇراتتىكەن. قايسىلا ھايۋانات بولمىسۇن، تۆگىنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئۆزىگە ئېلىشقا قىزىقاتتىكەن.

بىر كۈنى تۆگە مۆلدۈردەك سۈزۈك سۈيى بار، ئۆپ-چۆرىسىنى يېشىل دۇخاۋىدەك ياپ-يېشىل چىم باسقان بۇلاقتا سۇ ئىچىۋاتسا، بۇغا كېلىپ:

– ئەسسالاممۇ ئەلەيكۇم، بىزنىڭ گۆزەل شاھىمىز! كۆزى يامانلارنىڭ كۆزىدىن، تىلى يامانلارنىڭ تىلىدىن ژىراق بولۇڭ. خۇدايىم سىزگە ئاغرىقنى يولاتمىسۇن، – دەپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بارلىق شېرىن سۆزلىرىنى ئېيتىپ، ياخشى خىسلەتلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ئاخىرى بۇغا:

– ئېي، گۆزەللەرنىڭ گۆزىلى، قەدىردانىم تۆگە ئاكا! خاپا بولماي، سىز ئۈچۈن ئەڭ گۆزەل، ئەڭ قەدىرلىك بولغان مۈڭگۈزىڭىزنى ماڭا ۋاقىتلىق بېرىپ تۇرسىڭىز، مەن ئاتا-انامنىڭ يېنىغا بارماقچى ئىدىم. ئاتا-انامنىڭ يېنىدىن قانداق كەلدىم، شۇنداق ئۆز قولىڭىزغا تاپشۇرىمەن، – دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاندىن تۆگە:

– بوپتۇ، ئاتا-اناڭنى كۆرۈپ كەل. بىراق ۋاقتىدا مۈڭگۈزۈمنى ئېلىپ كەل، – دەپتۇ.

– شۇنداق-شۇنداق، ئۆز قولىڭىزغا تاپشۇرىمەن، – دەپ بۇغا ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

تۆگە ئوتنىڭ ئۈچىنى يەپ، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچىپ ژۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئېشەك:

– شاھىم، رەنجىمەي قۇلىقىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز، بىز نۇرغۇن ھايۋانلار بىلەن ئاز كۈننىڭ ئىچىدە قىشلايدىغان قولايلىغاراق يەرلەرنى كۆرۈپ كەلمەكچى ئىدۇق، شۇنىڭغا خاپا بولمىسىڭىز، – دەپ ئۇما يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئارىلىقتىن خېلە كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇغىدىنما، ئېشەكتىنما خەۋەر كەلمەپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ كۈنىدە ئات كېلىپ:

– ئېي، يەر يۈزىنىڭ خاقانى، مېنىڭ ئۆز ئالدىڭىزغا كېلىشكە مەجبۇر بولغىنىم جېنىڭىزدىن ئارتۇق بولغان يايلىڭىز بىلەن قۇيرىغىڭىزنى ۋاقىتلىق بېرىپ تۇرۇشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. پالانى يەردە مېنىڭ دۇنيادىكى بارى-يوقى بىر تاللا ئاكامنىڭ تويى بولماقچى ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ياق دېمەي بېرىپ تۇرسىڭىز، – دەپ ئۇما يالۋۇرۇپتۇ. بۇغا مۈڭگۈزىنى، ئېشەك قۇلىقىنى، ئات يايلىسى بىلەن قۇيرىقىنى ئېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تۆگىگە يېقىن يولىماپتۇ.

شۇ خاتالىقى ئۈچۈن تۆگە ھەتتا سۇ ئىچكەندىمۇ ئۇلارنى كېلەمدىكىن دەپ ھەر قاچان يان-يېنىغا قارايدىكەن. تا موشۇ كۈنگىچە تۆگە ئۇلارنى كۈتمەكتىمىش.



## كەنجە

قېدىمقى زامانلارنىڭ زامانىسىدا قەشقەر مەملىكىتىدە ئۈچ ئاكا-ئۇكا بولغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۈچى شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدە پاكا، زەي بىر گەمىدە ياشاتتىكەن. ئەڭ چوڭى ژىگىرمە ئىككى ياشتا، كەنجىسى ئون سەككىز ياشتا ئىكەن. كەنجە تاز ئىكەن. ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىككى ئاكىسى قىمارۋاز بولۇپ كېتىپتۇ. كەنجىسى تاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككى ئاكىسى ئۇنى كۈندە تىللاپ، دۈشكەلەپ، ئۇرۇپ، كەچ كىرگىچە ئۆي ئىشىنى ئىشلىتەتتىكەن.

ئەندى سۆزنى شۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىدىن ئاڭلايلى.

پادىشا ئوردىسىنىڭ يېنىغا چىرايلىق قىلىپ، قىرىق بىر پەلەمپەي سالدۇرۇپتۇ. قىرىق بىرىنچى پەلەمپەيدە پادىشانىڭ ئون سەككىز ياشلىق قىزى ئولتىرىپتۇ. قىز ئوردا ئالدىنى يورۇتۇپ تۇرغاندەك، كۆزلىرى قاپ-قارا، ئىككى قەلەم قېشى قۇلىقىغا يەتكەن، قاپ-قارا چاچلىرى بۇرام-بۇرام بولۇپ كەينىگە تاشلاڭھان، نازۇك بەل، لەۋلىرى نېپىز، ئۈزى ئاناردەك، چىشلىرى سېدەپتەك ئىكەن.

– ئەگەر كىمدە كىم ئات بىلەن ئۈچ مەرتەم سەكرىتىپ، قىرىق بىرىنچى پەلەمپەيگە چىقىپ قىزىمنى يېتىلەپ چۈشسە، مەن شۇنىڭھا قىزىمنى بېرىمەن، – دەپتۇ پادىشا.

ئوردىنىڭ ئالدىغا شۇنچىلىك كۆپ خەلىق ژىغىلىپتۇكىن، ھەتتا خەلىق ئوردىنىڭ ئالدىغا پاتماي قاپتۇ. ئوردىغا كۈندە ژىراق شەھەرلەردىن، ھەتتا چەت مەملىكەتلەردىن شاھزادىلەر ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇلار پەللىگە يېتەلمەيدىكەن.

ئەندى سۆزنى ئۈچ ئاكا-ئۇكىدىن ئاڭلىساق، ئۇلار مۇنداق كۈندە ئىدى:

ھەر كۈنى ئەتىگەنلىگى ئىككى ئاكىسى كوچىغا چىقىپ كېتىپ، چۈشلىگى، كۆپىنچە ئاخشىمى ئۆيگە كېلەتتىكەن.

بىر كۈنى ئىككى ئاكىسى ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ چىقىپ كەتكەندە، كەنجىسى ئاتا-ئانىسىنىڭ قەبرىگە بېرىپ كەلمەكچى بولۇپ، زەراتكالىققا مېڭىپتۇ. بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ تۇپرىغىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، زەراتكالىق ئىچىدىن بېشىدا يوغان ئاق سەللىسى بار، ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بولۇپتۇ. بوۋاي بالىنى توختىتىپ:

– بالام، بۇ زەراتكالىقتا ئەتىگەندە نېمە قىلىپ ژۈرىسەن؟ – دەپتۇ.

– ئاتا-انامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە بەش ژىل بولىۋېدى، شۇلارنىڭ قەبرىدىن كېلىۋاتىمەن، – دەپ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ بارلىغىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

– ئانداق بولسا، مەن ساڭا ئۈچ تال قىل بېرىمەن، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە قىللارنىڭ بىرىنى كۆيدەرسەڭ، ئاسماندىن ئات چۈشىدۇ، شۇ ئات ئارقىلىق مۇرات-مەخسىتىڭگە يېتىسەن، – دەپ بوۋاي قوينىدىن بىر ئاق، بىر قارا، بىر قوكۆر قىللارنى چىقىرىپ بېرىپ، بالىنىڭ يېنىدىن ئازلا نېرى بېرىپ، يوقاپ كېتىپتۇ.

بالا ئۆيىگە بېرىپ ئۆي ئىشلىرىنى تۈگەتكىچە كەچ كىرىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىككى ئاكىسى كېلىپ، تاماقلىرىنى ئىچىپ بولۇپ، يېنىچە يېتىپ، ئەپىيۈن چېكىپ، پادىشا قىزىنىڭ سۆزىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

چوڭ ئاكىسى:

– ئەشۇ قىز قانداق ئادەمزاتنىڭ، قايسۇ بەختىلىك ژىگىتنىڭ قولىغا چۈشىدىكىن؟ – دىسە، ئوتتۇرانچىسى:

– ۋاي، ئۇنداق قىزلار بىر پادىشانىڭ بالىسىنىڭ قولىغا چۈشمەي، بىزدەكلەر بېشىنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ قولغا چۈشمەيدۇ، – دەپتۇ.

چوڭى:

– ئەشۇ قىزنى قايسىلا بولمىسۇن بىر پادىشانىڭ ئوغلى ئالغاندا، پادىشا قىرىق كېچە، قىرىق كۈندۈز توي قىلىدىكەن، شۇ ۋاقىتتا راسا پولۇ يەيمىزدە، – دەپتۇ.

ئوتتۇرانچىسى:

– توي پۈتكىچە بىز مونۇ تازنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، تالاغا چىقارمايلى، – دەپتۇ.

چوڭى:

– توينىڭ ئاشلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، تازنىڭ كۆزىچە كوزاقوزاڭ قىلىپ تازگا بەرمەي يەيمىزدە، – دەپ ئۇلار يېرىم كېچىگىچە خام خىياللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈپ ياتقان يەرلىرىدە ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەنلىگى ئىككى ئاكىسى سوزۇلۇپ-كېرىلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ بېرىپ:

– ھەي، تاز! بۈگۈن ياخشىراق تاماق ئەت، بولمىسا بىزدىن كۆرىسەن، – دەپ دۈشكەللىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

كەنجە ئۆينى بېسقتۇرۇۋېتىپ، شەھەرنىڭ چېتىگە چىقىپ قارا تۈكنى كۆيدۈرسە، ئاسماندىن قارا تۇلپار كىشنەپ چۈشۈپتۇ. ئاتنىڭ ئېگەر-توقۇملىرى ئۈستىدە ئاتنىڭ رەڭگىدە كىيىم-كېچەكلەر بار ئىكەن. بالا كىيىملەرنى كىيىپ، ئاتقا مىنىپ، ئۆزىدىن-ئۆزىگە خوشال بولۇپ، كىچىككىنە بىر كەلچەك بويىغا بېرىپ شولىسىغا قاراپ:

— مەن قايسۇ پادىشانىڭ بالىسىدىن كام؟! ئارتۇق بولسام ئارتۇقكى، كام ئەمەس، — دەپ خوشاللىقىدا قاقاخلاپ كۈلۈپ، ئوردا تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئوردىنىڭ ئالدىغا بارسا، ئادەملەر شۇنچىلىك نۇرغۇن ئىكەنكى، ھەتتا كەنجە ئوردا ئالدىغا بېرىشقا ھودۇقۇپ قاپتۇ. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاستا خەلقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ:

— پوش-پوش-پوش! — دەپ ماڭغاندا خەلق ئىككىگە ئايرىلىپ يول بېرىپتۇ. بالا قىزنىڭ جامالىغا ئاشىق بولۇپ قاراپ تۇرغاندا، بىر كېلىشكەن ياش شاھزادە ئېتىنى ئوقتەك ژۈگەرتىپ بېرىپ سەكرەتكەندە، ئاران بەشىنچى پەلەمپەيگە چۈشۈپتۇ، ئاتنى يەنە بىرنى ئۇرغاندا، ئىككى پەلەمپەي كۆتىرىلىپ تۇرۇپ قالغاندا، ئۈستى-ۋستىگە قامچا تېگىۋەرگەنلىكتىن، يەنە بىر پەلەمپەي كۆتىرىلىپ، قىرچاقلاپ قاپتۇ. كەنجە ئۆپ-چۆرىسىگە سەپ سېلىپ قارىسا، ئىككى ئاكىسىنىڭ چەتتە تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ قاپتۇ. يەنە ئۈچ-تۆرت ژىگىت ئاتلىرىنى سەكرەتكەندە، ھېچ قايسىسى ئونىنچى پەلەمپەيدىن ئاشماپتۇ. نۆۋەت كەنجىگە كېلىپ، ئېتىنى ژۈگەرتىپ سەكرەتكەن ئىكەن، ئات ئون ئالتىنچى پەلەمپەيگە چۈشۈپتۇ:

خەلق:

— ئۇر، ئاتنى ئۇر! تىزگىنىنى تارت! ھە، يەنە! — دەپ چۇقۇرىشىپ كېتىپتۇ. بالا بولسا، ئاستا تۆۋەنلەپ، ئېتىنى يورغىلىتىپ، كەلگەن يېقى بىلەن كېتىپ قاپتۇ. خەلق بالىنىڭ قارىسى ژۈتكىچە كەينىدىن قاراپ قاپتۇ. بالا قىلنى كۆيدۈرگەن يېرىگە بېرىپ كىيىملىرىنى يېشىپ، ئېگەر ئۈستىگە قويۇپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويىۋەتكەندە، ئات ئۇچۇپ ئاسماڭغا كۆتىرىلىپ غايىپ بوپتۇ. بۇرۇنقى كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۆيىگە كېلىپ، كۈندىكىدەك ئۆي ئىشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

كەچ كىرگەندە ئىككى ئاكىسى كېلىپ:

— ھەي، تاز، ئەكە تاماقنى! بۈگۈن قانداق تاماق ئەتتىڭ؟ — بولۇي! — دەپ دۈشكەللەپ تاماقنىمۇ ئىچىپ بوپتۇ. تاماق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرانچىسى:

— ھېلىقى قارا ئات، قارا كىيىم كىيىپ كەلگەن قايسى پادىشانىڭ بالىسىكىن؟ ئۆزىمۇ شۇنداق چىرايلىق، ئېتىمۇ راسا كېلىشكەن ئىكەندە. ئاتنى يەنە قاتتىغىراق بىر-ىككىنى ئۇرىۋەتكەندە، تاق قىزنىڭ ئالدىغىلا چۈشەتتىدە، — دەپتۇ.

كەنجە:

— ئەشۇ مەن بولسام، — دېسە.

چوڭ ئاكىسى:

— سەن تاز ئۇنداق بولماي، ئۇنچىلىك ئاتقا مىنمەي قال، ساڭا ئۇنداق ئاتلارنىڭ تېزىگىمۇ تەگمەيدۇ. ئەگەر سەن ئۇنداق ئاتلارنىڭ تېزىگىنى تېرىپ كەلسەڭ، مەن كۈلۈپ كېتەتتىم، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئىككى ئاكىسى چىقىپ كەتكەندە، كەنجە قىل كۆيدۈرگەن يېرىگە بېرىپ، قوڭۇر قىلنى كۆيدۈرگەندە، ئاسماندىن تورۇق تۇلپار چۈشىدۇ. ئاتنىڭ ئۈستىدىكى كىيىمنى كىيىپ، ئېتىنى يورغىلىتىپ ئوردا ئالدىغا بارسا، خەلق يەنە نۇرغۇن ئىكەن.

ئۇ:

— پوش-پوش-پوش! — دەپ ماڭغاندا، خەلق ئىككىگە ئايرىلىپ:

— ھوي، بۇ تۈنۈگۈنكى بالىغۇ؟! — دەپ ھەممىسى بالىغا قاراپتۇ. كەنجە كەلگەندە تەييارلىق كۆرۈۋاتقان شاھزادىلەر ئەيمىنىپ، ھەممىسى بىر چەتكە چىقىپ تۇرۇپتۇ. كەنجە ئېتىنى ژۈگەرتىپ كېلىپ، پەلەمپەيگە ئاز قالغاندا تىزگىنىنى تارتقاندا، ئات ژىگىرمە بەشىنچى پەلەمپەيگە چۈشۈپتۇ، تىزگىنىنى يەنە تارتقاندا ئوتتۇز بەشىنچىسىگە چۈشۈپتۇ، ئاندىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۆۋەن تارتىپتۇ. خەلق يەنە چۇقۇرىشىپ كېتىپتۇ. لېكىن بالا:

— ئويۇن ئەتىگىمۇ قالسۇن! — دەپ يەنە كەلگەن يېقى بىلەن كېتىپتۇ.

ئىككى ئاكىسى ئۆيىگە كېلىپ، يەنە شۇ پاراڭغا چۈشۈپ تازنى دۈشكەللەپ ئۇخلىشىپ قاپتۇ.



تاز بولسا:

— بوپتۇ، دۆشكەللىۋېرىڭلار، كېيىن يەنە كۆرەرمىز، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاكىلىرى كەتكەندە، كەنجە ئۆيى بىلەن خوشلىشىپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئاق تۆكنى كۆيدۈرگەندە، ئاسماندىن ئاق تۇلپار كىشنەپ چۈشۈپتۇ. ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئاق كىيىملەرنى كىيىپ، يورغىلىتىپ ئوردا ئالدىغا بارغاندا، خەلق بالىنى تونۇپ يول بېرىپتۇ. كەنجە پادىشا قىزىنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ خەلىققە ئازىراق سەپ سېلىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئاتنى ژۈگەرتىپ، پەلەمپەي ئاز قالغاندا تىزگىنىنى شۇنداق تارتسا، ئات ئوتتۇزىنچى پەلەمپەيگە چۈشۈپتۇ، تىزگىنىنى يەنە تارتقاندا قىزنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن خەلق شۇنچىلىك خوشال بولۇپتىكىن، خوشاللىقىدىن چۇقۇراشقاندا، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى خەلقلەر «بۇ نېمە ئالامەتتۇر» دەپ قورقۇشۇپ، ھەممىسى شەھەرنىڭ ئىچىدىكى دەل-دەرەقلەرگە مۆكۈشۈپتۇ.

كەنجە مەلىكىنىڭ يۇمشاق بىلىكىدىن تۇتۇپ، يېتىلەپ تۆۋەن چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشا ئىككىسىنى ئوردىغا باشلاپ ئەكىرىپ، توينى دەررۇ باشلىۋېتىپتۇ.

ئەندى سۆزنى بالىنىڭ ئاكىلىرىدىن ئاڭلايلى:
ئۇلار كەچ كىرگەندە تويدىكى ئاشقان-تاشقانلارنى بۆلۈشىپ-تالىشىپ بىر-بىرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ، ئەيتەۋىر ئاران يېرىم قوساق ئۆيىگە كۆندىكىدىن كەچ بارسا، ئۆيدە تاز يوق ئېكەن. ئۇ ئىككىسى «تازما تويدىكەن» دەپ تېرىكىشىپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىگەنلىكى تۇرسا، چاي تەييار ئەمەس، تاز يوق. يەنە تېرىكىپ-بوغۇلۇپ «اشقا كەچ قالدۇق» دەپ ژۆگرىشىپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنداق ئۆچ كۆن ئۆتۆپتۇ. ئۆچ كۆندە ئۇلار تونۇۋالغۇسىز ئۆزگىرىپتۇ. كىيىملىرى ژىرتىلىپ كەتكەن، بايلاردىن ئاشقان سۆيەكلەرنى غاجىلاش ئۆچۆن تالىشىپ سوقۇشقاندا باشلىرى، ئۆزلىرى يېرىلغان ئېكەن. ئۆچ كۆن پولۇ يەيمىز دەپ باش-كۆزىگە ئۇستىخانلار بىلەن تاياق يەپ ئاچ قاپتۇ.
كەنجە تويغا ئۆچ كۆن بولدى دېگەندە يېنىغا ئىككى ئاكىسىنى ئېلىپ كېلىشنى سوراپتۇ. چېرىكلەر ئىككىسىنى ئوردىغا ئېلىپ كىرگەندە ئۇلار قورقۇشۇپ، ئىنىسى ئۇلارنىڭ كۆزىگە پادىشادەك كۆرۆنىپ كېتىپتۇ. ئىككىسى ئىنىسىنىڭ پۇتىغا ژىقىلىپ:
– ئېي، ئۇلۇق پادىشايىمىز! بىزنىڭ ھېچ قانداق گۇنايىمىز يوق! مۇنداق ئۇلۇق كۆنلەردە بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىڭىز، – دەپ ژىغلىشىپ يالۋۇرۇشىپتۇ.
كەنجە:
– كەچتىم! بۇلارنى قۇللارنىڭ ئارىسىغا قوشۇڭلار! – دېگەندە ئىككىسى خوشاللىغىدىن كەنجىنىڭ پۇتلىرىنى سۆيۆپ، كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراپ، ئۇ پادىشا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئىنىسى كەنجە ئېكەنلىگىنى بىلىپ، داڭ قېتىپلا قاپتۇ. ئىككى ئاكىسى كەنجىنىڭ پادىشا ئوردىسىدا پادىشانىڭ قىزى بىلەن ئولتارغانلىغىنى كۆرۆپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزلىرى ئىشەنمەپتۇ. كەنجە ئىككى ئاكىسىنى ئوردىدا قۇللار قاتارىدا ئىشلىتىپتۇ.
پادىشا بولسا، قىرىق بىر كېچە، قىرىق بىر كۆندۆز توي قىلىپ بېرىپتۇ.
بىزما يېقىلا شۇ تويلاردىن ئاش يەپ كەلدۇق، ئاش يەيدىغان نوۋەت سىزنىڭ. تويغا مەرھەمەت!

## قېرىغاندا ئېچىلغان بەخىت

بار ئېكەن، يوق ئېكەن، خوشال ئېكەن، خاپا ئېكەن، ئاچ ئېكەن، توق ئېكەن، ئاق ئېكەن، قارا ئېكەن، دۇنيادا بىر بەخىتسىز قېرى بوۋاي ياشىغان ئېكەن. ئۇ بوۋاينىڭ دۇنيادا قېرى ئالا ئېتىدىن باشقا يە باللىرى، يە مومىيى، يە ئۇرۇق-تۇققانلىرى يوق ئېكەن. بوۋاي كۆندە قوراي ئورۇپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۆزىگە ئازتولا نان، چاي، تۇزلارنى ئېلىپ، ئۆيىگە قايتاتتېكەن. ئۇ بىر كۆنى ئۇخلاپ قېلىپ، قورايغا كەچ قاپتۇ. ئالمان-تالمان چاي قايىنتىپ، ئالدىرىغىنىدىن ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى ئوتنى ئايرىشنى ئۇنتۇپ، ئوغاقنى، ئاغامچىنى ئېلىپ، ئېغىلدىكى ئالا ئېتىنى مىنىپ قورايغا كېتىپتۇ. بوۋاي قوراي ئورۇپ بازاردا سېتىپ، ئىككى توغاچ، ئازىراق چاي، تۇزنى ئېلىپ، ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.
بوۋاي ماڭىۋەرسۇن، بىز ئەھۋالنى ئۆيىدىن كۆرەيلى. بوۋاي ئەتىگەنلىگى قورايغا كەتكەندە، ئوچاقتىكى ئوت مانتىدىكى قورايغا تۇتىشىپ، قورايدىن كىگىزلەرگە تۇتىشىپ، كىگىزدىن ئەسكى ياغاچ كارىۋەت كۆيۆپ، كارىۋەتتىن قوزۇقتىكى ئەسكى جۇگا، چاپانلار كۆيۆپ، ئۇلاردىن تورۇستىكى بورىلار، چەڭزىلەر، لىملار كۆيۆشكە باشلاپتۇ. لىملار كۆيۆۋاتقاندا خوشنىلىرى كۆرۆپ ئوپۇر-توپۇر، ۋاڭا-چۇڭ بولۇشۇپ، خەلىق ژىغىلىپ ئۆچىرىشكە باشلىغاندا، لىملار ئىچىگە گۆمۈرۆلۆپ چۆشۆپتۇ.
بوۋاي ئۆيىگە كېلىپ، ئۆيىنى تونۇماي قاپتۇ. بۇرۇنقى ئۆيىنىڭ ئورنىدا تۆرت تام ۋە كۆللەرلا قاپتۇ.
بوۋاينىڭ تۇرىدىغان ئۆيى بولمىغانلىقتىن، ئۇ شەھەردىن كېتىپ قاپتۇ. كەچ كىرگىچە مېڭىپتۇ ۋە ئالدىغا بىر دەريا توغرا كېلىپ قاپتۇ. دەريا بويىدا تۆنەپ، ئەتىگەندە تۇرۇپ قارىسا، دەريانىڭ بويى شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك ئېكەن. دەريانىڭ نېرىسىدا تاغ، دەريا بويى بوستانلىق، گىلەمدەك چىم ئېكەن. بوۋاي باشقا ياققا بېرىشتىن يالتىيىپ، ياغاچلارنى ژىغىپ كەپە ياساشقا باشلاپتۇ. كەپىنى ياساپ بولۇپ، دەم ئېلىپ، دەريا بويىنى كۆرۆپ ژۆرسە، ئون نەچچە قوي ئوتلاپ ژۆرگىدەك. «ېگىسى كەلسە بېرىۋېتەرمەن» – دەپ قويلارنى ژىغىپ بېقىشقا باشلاپتۇ. دەريا بويىدا يەتتە-سەككىز كۆن شۇ يەردىكى مېۋىلەرنى ژىغىپ يەپ ژۆرۆپتۇ. لېكىن قوينىڭ ئېگىسىدىن خەۋەر بولماپتۇ. بوۋاي بولسا:

– بۇلارنى ماڭا خۇدايىمنىڭ بەرگىنى، – دەپ قويلارغا ئىغىل ياساپتۇ. دەريا بويىدا يەنە ئاز كۈن ژۈرگەندىن كېيىن، شەھەردىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى: قاماق، بېلىق تۇتىدىغاڭھا تورلارنى ئەكەپتۇ. دەريادىن بېلىق تۇتۇپ هايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى بوۋاي بېلىق تۇتىۋاتسا، يەتتە-سەككىز بالا دەريا بويىدىن يوغان بىر بېلىقنى سۆرەپ كېتىپ بارغانلىغىنى كۆرۈپ قېلىپ، بېلىققا ئىچى ئاغرىپ، باللاردىن سوراۋېلىپ، ئۇنى سۇغا قويۇۋېتىپ، ئورنىغا باللارغا يوغان بىر قوي بېرىپ، باللارنى خوشال قايتۇرۇۋېتىپتۇ. باللار كەتكەندە بېلىق سۇدىن چىقىپ بوۋايغا:

– ساڭا نېمە كېرەك؟ نېمە كېرەك بولسا، شۇنى تېپىپ بېرىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، – دەپتۇ.

بوۋاي نېمە سورىشىنى تاپالماي ئويلىنىپ ئولتىرىپ قالغاندا، بېلىق:

– مەن بېلىقلارنىڭ پادىشاسىنىڭ بالىسى بولىمەن، مەن سېنى دادامنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمەن، دادام ساڭا ئالتۇن-كۈمۈچلەرنى بەرسە، سەن ئۇلارغا قاراپما قويماي، ئىشىكنىڭ تۈۋىدە بىر كۈچۈك بار، شۇنى بېرىڭ، دەپ يالۋۇرۇپ تۇرىۋال، – دەپ جېكىپتۇ.

بوۋاي رازىلىغىنى بەرگەندە بېلىق سۇغا كىرىپ كېتىپ، يوغان ئىككى بېلىقنى بوۋاينىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، بوۋاينىڭ بېشىغا ئالتۇن قالپاق كىيگۈزۈپ، بىر بېلىققا مىندۈرۈپ، سۇنىڭ تېگىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. بوۋاي بىر چاغدا قارىسا، قارىغايدەك يوغان بېلىقلار ئۆپ-چۆرىسىدە ژۈرگەنلىگىنى كۆرۈپ، قورقۇشقا باشلاپتۇ. تونۇش بېلىق بولسا:

– قورقما، ئەندى كەلدۇق، – دەپ يوغان بىر چىرايلىق سۇ ئاستى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ.

ئۆينىڭ ئىچىدە تېخىمۇ يوغان بېلىقلار بار ئىكەن. بوۋاي ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، خاتىرجەم بولۇشقا باشلاپتۇ. بوۋاي ئاخىرى بېلىقلار پادىشاسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشا خوشال بولۇپ، ئالتۇن تاۋاقلاردا ئالتۇن-كۈمۈچلەرنى ئېلىپ كېلىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا چېچىشقا باشلاپتۇ. لېكىن بوۋاي ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي، پادىشانىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا يوغان غوجۇننىڭ ئىككى بېشىغا تولتۇرۇپ ئەڭ ئېسىل تاشلارنى ئېلىپ كەپتۇدە، بوۋاينىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. لېكىن بوۋاي ئۇنىڭغىمۇ قاراپ قويماپتۇ. پادىشا هەيران بولۇپ:

– ئادەم بالىسىغا بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە كېرەك؟ بۇنىڭدىن باشقا نېمە خالايسەن؟ نېمە خالىساڭ سورا، بېرىمەن، – دەپتۇ.

– ئەشۇ كۈچۈكنى بەرسىڭىز، باشقا نەرسىلەرنىڭ كېرىگى يوق، – دەپ كۈچۈكنى كۆرسىتىپتۇ بوۋاي. بېلىقلار پادىشاسى خېلىغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئاخىرى:

– بالامنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرۇپسەن، بوپتۇ، بەرسەم بېرەي، كۈچۈكنى، – دەپ بېرىپتۇ.

پادىشانىڭ بۇيرۇغى بويىچە يەنە ئىككى بېلىق بوۋاينى سىرتقا ئاچىقىپ قويۇپ، قايتىپ كېتىپتۇ. لېكىن بوۋاي قۇتقۇلدۇرۇۋالغان بېلىق كىرىپ كەتمەي بوۋايغا:

– ئەگەر بېشىڭغا كۈن چۈشكىدەك بولسا، مانا موشۇنىڭ بىرىنى كۆيدۈرسەڭ مەن شۇ زامان ئالدىڭدا بولىمەن، بىراق ئېسىڭدا بولسۇن، دەريانىڭ بويىدا كۆيدەر، – دەپ قانىتىدىن ئۈچ تال تۈكنى ژۇلۇپ بېرىپتۇ. بوۋاي خوشال بولۇپ، ئۆيىدە كۈچۈكنى ئوچاقنىڭ يېنىغا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قويلارنىڭ قېشىغا كېتىپتۇ. كەچ كىرگەندە قويلارنى هايداپ كېلىپ، قوراغا سولاۋېتىپ، كەپىگە كىرىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. چۈنكى كەپىنىڭ ئىچى سەرەمجان بولۇپ، كەپىنىڭ ئوتتۇرىدا دەستىخان سېلىقلىق، دەستىخاننىڭ ئۈستىدە ئۈچ تۈرلۈك تاماقنىڭ هورى چىقىپ تۇرۇپتۇ.

بوۋاي كۆزلىرىنى ئۇگىلاپ قارىسا، هەممىسى راست. بۇ تاماقلارنى كىم ئەتكەنلىگىنى ئويلاپ-ويلاپ هېچ تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاستا بېرىپ تاماقلارغا ئېغىز تېگىپ كۆرسە، شۇنچىلىك تەملىك ئىكەن. بوۋاي مۇنداق تاماقلارنى ئۆمرىدە يېگەنمۇ ياكى يېمىگەنمۇ هېچ ئېسىغا چۈشىرەلمەپتۇ. ئەتىگەندە تۇرۇپ قارىسا، يەنە يېقىلا پىشىرىلگەن تۈرلۈك تاماق دەستىخان ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. تاماقنى يەپ بولۇپ، قويلارنى هايداپ مېڭىپ كۈچۈكنى چاقىرسا، چىقماپتۇ. كىرىپ قارىسا، ياتقان جايىدىن هېچ قىمىرلىماپتۇ. «بۇ ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ؟» – دەپ قولىغا ئېلىپ قارىسا جېنى بار، يۆتكەپ قويسا يەنە بۇرۇنقى جايىغا بېرىپ يېتىۋاپتۇ. قويلارنى هايداپ كېتىپتۇ. چۈشلۈگى كېلىپ كەپىگە كىرسە يەنە هەر تۈرلۈك تاماقلار تەييار تۇرغان ئىكەن. بوۋاينىڭ كۆڭلىدە هەر تۈرلۈك ئەندىشىلەر پەيدا بوپتۇ. تاماقلارغا قاراپمۇ قويماي، قېرى ئېتىغا مىنىپ كۈچۈكنى چاقىرسا چىقماپتۇ. شۇ كۈنى قويلارنى كەچ هايداپ كەپتۇ. ئىغىلغا هايدىسا كىرمەي، هەر ياققا پىتراپ قېچىشقا باشلاپتۇ. كۈچۈكتىن ئاز بولسىما ياردەم كېلەمدىكىن دەپ چاقىرسا، ئۇمۇ چىقماپتۇ. «شۇنچە ئالتۇنلارنى بەرسە ئالماستىن، موشۇ

ئۆلۈمتۈك بىر كۈچۈكنى ئالدىمما!» – دەپ تىرىكىپ-بوغۇلۇپ ژۈرۈپ قويلارنى ئارانلا سولاۋاپتۇ.

ھىرىپ-ىچىپ كەپىگە كىرسە، يەنە تاماقلار دەستىخان ئۈستىدە تۇرغان، ئوچاقنىڭ ئالدىغا قارىسا، كۈچۈك تۈگۈرلىنىپ ياتقان، ئاچچىغىدا كۈچۈكنى بىرنى تىپىپ، تاماققا كاراپ، قوسىغى تىخىمۇ ئىچىپىتۇ. قوسىغىنى تويغۇزۇپ، يىنچە يىتىپ: «بۇ تاماقلارنى كىم ئىتىدىغانلىغىنى ئەتىلككە بىلىۋالاي» – دەپ ئويلاپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرۇپ قويلارنى ھايدىغان بولۇپ، ئۆزى دەل-دەرەق بار يەرگە كىرىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. لىكىن ھىچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. چۈشكىچە ماراپ ھىچ پايدا چىقىرالماي، كەپىدە ئەتىگەنلىگى ئىلىپ قويغان تاماقلارنى يەپ، قويلارغا بارماقچى بولۇپ كەپىگە كىرسە، يەنە تاماقلار تەييار تۇرغان ئىكەن. چۈشتىن كىيىن يەنە ماراپ يىتىپ زىرىكىپ-تىرىكىپ، پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن كەپىگە ئاستا يىقىنلىشىپ ئىچىگە قارىسا، كەپىنىڭ ئىچىدە ئون سەككىز ياشلىق، ئون تۆرت كۈنلۈك ئايغا ئوخشاش چىرايلىق كەلگەن بىر قىز بىلىقنىڭ بىلىدەك بىلى بىلەن تولغىنىپ، كىيىكتەك چاققانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا نىمىلەرنىدۇ توشۇپ ژۈرگەنلىگىنى كۆرۈپتۇ. ژۈگۈرەپ كىرىپ قىزنىڭ ئىككى بىلىگىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

– سىز كىم بولىسىز؟ نەنىڭ قىزى، قانداق بۇ يەرگە كىلىپ قالدىڭىز؟ – دەپ سوالللارنى ئۈستى-ۈستىگە ياغدۇرۇۋىتىپىتۇ، پەرىلەردەك چىرايلىق شوخ كەلگەن قىز:

– مەن پۈتكۈل بىلىقلارنىڭ پادىشاسىنىڭ قىزى بولىمەن. مىنى دادام پەقەت ئىنىمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىڭىز ئۈچۈنلا سىزگە بەرگەن، سىز ئىلىپ كەلگەن كۈچۈك مەن بولىمەن، – دەپ قىزىل گۈلدەك قىزىرىپ يەرگە قاراپتۇ.

– ئانداق بولسا، ماڭا قىز بولۇپ قىلىڭ، ماڭا سىزدەك بىر قىز كىرەكتى، – دەپتۇ بوۋاي.

– ماقۇل، ئاتا، مەن بۈگۈندىن باشلاپ سىزنىڭ قىزىڭىز بولىمەن. ھازىر مونۇ كەپىنىڭ ئورنىدا يوغان چىرايلىق بىر ئۆي پەيدا بولىدۇ، – دەپتۇ قىز.

– ھوي، قىزىم، ئۇنداق ئۆينى بىزگە كىم سىلىپ بىرىدۇ؟

– قورقماڭ، ئاتا، ھازىر پەيدا بولىدۇ. سىز كۆزۈڭىزنى ژۇمۇپ تۇرۇڭ، مەن تالاغا چىقىپ، سىزنى چاقىرغاندا چىقىڭ، – دەپ قىز سىرتقا چىقىپ، ياغاچ بىلەن يەرنى كولاپ، توپىسىنى چىچىپ، ياغاچنى يەرگە ئۈچ قىتىم ئۇرغاندا كەپىنىڭ ئورنىدا يوغان، چىرايلىق ياغاچ ئۆي پەيدا بوپتۇ. قىز سىرتتا تۇرۇپ ئاتىسىنى چاقىرغاندا، بوۋاي كۆزىنى ئاچسا ئالامەت بىر دۇنيانىڭ ئىچىدە قالغاندەك ھەيران بولۇپ، قاراپلا قاپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ سىرىنى سورىسا، قىز:

– مىنى دادام ئون بەش ژىل ئوقۇتتى. مەن ئۇستازلىرىمدىن ئون بەش ژىلدا قىرىق بىر مىڭ تۈرلۈك ھۈنەر ئۈگەندىم، – دەپتۇ.

بوۋاي بىلەن قىزنىڭ ھاياتى بەختلىك ئۆتۈشكە باشلاپتۇ.

ئەندى بىز شۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاسىدىن سۆز ئاڭلاپ كۆرەيلى:

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنىدە پادىشا قىرىق بىر ۋەزىرى بىلەن شىكارغا چىققان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئوزۇغى تۈگەپ قاپتۇ. ئوزۇق تۈگىگەن كۈنى ئۇلار ھىچ نىمە ئۇچرىتالماي كىلىۋاتسا، ئالدىدىن بىر بۆدۈنە چىقىپتۇ. قىرىق ئىككىسى قىرىق ئىككى ياقتىن ئىتىپ، بۆدۈنىنى ئولجا قىپتۇ. ئۇلار ئوتى يوق بولغانلىقتىن، بۆدۈنىنى پىشىرەلمەي تۇرسا، ژىراقتىن ئىسنىڭ چىققانلىغىنى كۆرۈپ، پادىشا بىر ۋەزىرگە:

– سەن موشۇ بۆدۈنىنى ئىس چىققان يەردىن پىشىرىپ كەلگىن، – دەپ بۇيرۇپتۇ.

ۋەزىر ئىس چىققان ئۆيگە بارسا، بىزگە تونۇش بوۋاي بىلەن قىز ئۆيدە ئىكەن.

ۋەزىر كىرىپ:

– مونۇ بۆدۈنىنى موشۇ يەردە پىشىرىۋالاي، – دەپ بولغان ۋاقىئەنىڭ ھەممىسىنى ئىيتىپ بىرىپتۇ.

بوۋاي:

– ئوچاقتا پىشىرىۋال، – دەپتۇ.

ۋەزىر ئوچاققا ئوت قالاپ بۆدۈنىنى ئۆتىلەشكە باشلاپتۇ، قىزنى كۆرۈپ چىرايلىقلىغىغا ھەيران بولۇپ، قىزغا قاراپ ئولتىرىپلا قاپتۇ. بىر چاغدا «تۇر» دىگەندەك قىلىپتۇ. ئىرغىپ تۇرسا، ئۆتۈلەۋاتقان بۆدۈنە كۆيۈپ تۈگەپتۇ. ۋەزىر پادىشادىن قورقۇپ، ژىغلاشقا باشلاپتۇ. قىز:

– خاپا بولماڭ، مەن ھازىر سىزگە بۆدۈنە تىپىپ بىرىمەن، – دەپ ئۇندىن ئازىراق ئىلىپ، سۈت ئارىلاشتۇرۇپ خىمىر ژۇغۇرۇپ، خىمىردىن كىچىككىنە بىر بۆدۈنە ياساپ، پىشىرىپ بىرىپتۇ.

ۋەزىر خوشاللىغىدىن رەخمەت ئۈستىگە رەخمەتلەرنى ئىيتىپ، ئىتىنى چاپتۇرۇپ پادىشانىڭ قىشىغا كىتىپىتۇ.

خېمىردىن ياسالغان بۆدۈننى پادىشاغا ئاپىرىپ بەرگەندە، پادىشا يەپ، تويۇپ ۋەزىرلىرىگە بەرسە، ئۇلارمۇ تويۇپ كېتىپتۇ. پادىشا بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، ۋەزىردىن سوراپتۇ.:

– سەن بۇ بۆدۈننى قانداق پىشەردىڭ؟ ئەسلىدە بىر بۆدۈنىگە تويۇپ كەتتۇق. بۇنىڭ قانداق سىرى بار؟ – دەپتۇ.

ۋەزىر:

– ئەي، شاھلارنىڭ شاھى، بىزنىڭ ئۇلۇق شاھىمىز، ئەگەر مېنىڭ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز، ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن، – دەپ پادىشانىڭ پۇتىغا ژىقىلىپ يالۋۇرغاندا، پادىشا:

– ئېيت چاپسان، كەچتىم! – دەپتۇ.

– مەن بىزنىڭ ئېتىۋالغان بۆدۈننى ئېلىپ، سىز كۆرسەتكەن يەرگە بارسام، دەريا بويىغا سېلىنغان يوغان، چىرايلىق بىر ياغاچ ئۆي ئىكەن. مەن ئۇ ئۆينى چوڭ بىر باينىڭ يازلىغى دەم ئالىدىغان يېرىمىكىن دەپ ئىچىگە كىرسەم، قېرى بىر بوۋاي بىلەن بىر قىز ئولتىرىپتۇ، – دەپ ۋەزىر بولغان ۋاقىەنى باشتىن ئاياق ئېيتىپ بېرىپتۇ.

– بىز يەپ تويۇپ كەتكەن ئەشۇ قىزنىڭ قولىدىن چىققان «بۆدۈنە»، – دەپتۇ سۆزىنى ئاياقلاشتۇرۇپ ۋەزىر.

پادىشا قىزغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ، ئاھ ئۇرۇپ ئوردىغا بېرىپ:

– مەن شۇ قىزنى ئالىمەن ئالغان! ھازىر بېرىپ بوۋاينى ئېلىپ كېلىڭلار! – دەپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپتۇ.



ئەلچىلەر بوۋاينى پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، پادىشا:

– سىزنىڭ قىزىڭىزغا موشۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاسى ئاشىق ئىكەن. سىز شۇ پادىشانى كۈيوغۇللۇققا لايىق كۆرەمسىز؟ – دەپتۇ.

– ياق، مەن دۇنيادىكى بارى-يوقى بىر تال قىزىمنى پادىشاغا بەرمەيمەن، ئۆز خىلىدىكى ئۆزەمدەك ئاددىي دېخان ژىگىتكە بېرىمەن! – دەپتۇ بوۋاي.

– ئەگەر بەرمىسەڭ كۈچ بىلەن ئالىمەن!

– قولۇڭىزدىن كەلسە ئېلىڭ! قىزىمنىڭ خىلى سىز ئەمەس.

پادىشا بوۋايغا مايلىق سۆزلىرىنىمۇ ئېيتىپتۇ، ئۆلتۈرىمەن دەپمۇ قورقىتىپتۇ. لېكىن بوۋاي ھېچ چۆچىمىگەنلىكتىن، نېمە قىلىشنى بىلمەي، بېشىنىڭ ئىچىما، تېشىما قېتىپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندە پادىشا بوۋايغا قىرىق تۆگىگە قىممەت باھالىق ژۈكلەرنى ئارتىپ ئەۋەتىپتۇ. بوۋاي بىلەن قىز:

– بىزگە بايلىقنىڭ كېرىگى يوق، بىز پادىشادەك دۇنياغا بېرىلمەيمىز، بىزگە ئۆزىمىزنىڭ ماڭلاي تەرىمىزدىن تاپقانلىرىمىز يېتىپ ئاشىدۇ، ھازىردىن بۇ نېمىلىرىڭلارنى يوقىتىڭلار، – دەپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

بىر ھەپتە ئۆتكەندە پادىشا ئوڭ قول ۋەزىرلىرىنىڭ ئەقلى بىلەن بوۋاينى چاقىرتىپ:

– مېنىڭ بىر شەرتىم بار، شۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ – دېگەندە، بوۋاي:

– ئاڭلاپ باقايلى، – دەپتۇ.

بۇنىڭغا خوشال بولغان پادىشا:

– بىز ئات چېپىش سالدۇرىمىز. ئەگەر مېنىڭ ئېتىم ئۆتۈپ كەتسە، مەن سېنىڭ قىزىڭنى ئالىمەن، ئەگەر

سىڭنىڭ ئىتىڭ ئۆتۈپ كەتسە، سەن مېنىڭ بىر ئاياليمنى ئالسەن، — دەپتۇ.

بوۋاي رازىلىق بىلدۈرۈپ، خاپا، ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئاخشىمى قوناقنى نۇرغۇن بىرىۋەتكەنلىكتىن، قېرى ئات ئۆزىنى كۆتىرەلمەي يېتىپ قاپتۇ. بوۋاي تېخىمۇ خاپا بولۇپ ئۆيىگە كىرسە، قىز نېمە بولغانلىقىنى سورىغان ئىكەن، بوۋاي ۋاقىئەلەرنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ئىننىم بىر نېمىلەرنى ئېيتمىغانمىدى؟ — دەپتۇ قىز.

— ئېيتقان، ئېيتقان، — دەپ بوۋاي دەرىيا بويىغا بېرىپ بىر تال تۈكنى كۆيدۈرگەندە، بىلىق چىقىپ:

— نېمە بولدى، نېمە ۋاقىە؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي بولغان ۋاقىئەلەرنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن بىلىق:

— قورقما، خاتىرجەم ئۆيۈڭگە بارغىن، بىر گەپ بولۇپ قالار، — دەپ يېنىپ سۇغا كىرىپ كېتىپتۇ.

بوۋاي ئالدىراش ئۆيىگە كەلسە، هويلىسىدا تۇلپاردەك بىر ئات باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خوشاللىقىدا ئاتقا مىنمەكچى بولۇپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتالماي تۇرغاندا، قىز چىقىپ ئاتقا مىڭگىزىپ قويۇپتۇدە، ئېگەرگە بوۋاينى چىڭ باغلاۋېتىپ:

— ئەندى كېتىۋېرىڭ، — دەپ ئاق يول تىلەپ قاپتۇ. بوۋاي ئوردىغا بارسا، پادىشا تەييار تۇرغان ئىكەن.

— بىز ئۈچ كېچە-كۈندۈزلۈك يەرگە چېپىشىمىز، — دەپتۇ پادىشا. ئۇلار شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئاتلىرىنى قويۇپ بېرىپتۇ. دېگەن يېرىگە بوۋاي چۈش بولماي يېتىپ بېرىپتۇ، پادىشا ۋەزىرلىرى بىلەن كۈن ئولتارغاندا ئاران يېتىپ كەپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان پادىشا سۆزىدىن تېنىپ:

— ئەندى مەن ئۈچ قېتىم مۆكۈمەن، ئۈچىلىسىدە مېنى تېپىۋالساڭ، مەن يېڭىلدىم، ئەگەر تاپالمىساڭ سەن يېڭىلسەن، — دەپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغىما نالاج ماقۇل بولغاندىن كېيىن، ئۆيىگە كېلىپ خاپا ئولتارغاندا، قىز نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي ھەممە بولغان گەپنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن قىز:

— پادىشا ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن قەپەزگە بۇلبۇل بولۇپ كىرىۋالىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئوڭ يېقىدا شوتا بار، سىز شۇ شوتىنى قويۇپ، قەپەزنى ئېلىپ، ئىچىدىكى بۇلبۇلنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋېتىڭ، — دەپ ئەقىل ئۈگىتىپتۇ.

ئەتىسى بوۋاي ئوردىغا بارسا، پادىشانىڭ مۆكۈپ كەتكەنلىكىنى ئوردىدىكىلەر ئېيتىپتۇ. دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بارسا، دەرۋازا ئۈستىدىكى ئالتۇن قەپەزدە بىر بۇلبۇل شۇنچىلىك مۇڭلۇق سايراۋېتىپتۇكى، ھەتتا بوۋاي ئۆزىنى بىر دەم يوقىتىپ قويۇپتۇ. بارلىق كۈچىنى ژىغىپ، شوتىنى قويۇپ، قەپەزنىڭ ئىچىدىكى بۇلبۇلنىڭ بېشىنى تۇتۇپ ژۇلاي دەپ تۇرغاندا:

— ۋاي-ۋاي! توختا-توختا! — دەپ پادىشا ئەكسىگە كەپتۇ.

— بۈگۈن بىرىنچى كۈنى مەن يېڭىلدىم، — ئەتە يەنە مۆكۈمەن، — دەپتۇ.

بوۋاي ئۆيىگە بېرىپ، ۋاقىەنى قىزىغا سۆزلەپ بەرگەندە، قىزى:

— ئەتە پادىشا ئوردىنىڭ كەينىگە سېلىنغان ئەسكى ئۆيگە مۆكۈۋالىدۇ، سىز شۇ ئۆيگە كىرسىڭىز، ئۆينىڭ ئىچىدە يوغان ئاق ئىشتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارا ئىشت كىرگەن ئادەمنى يەۋەتكىدەك ھاۋشىپ ئېسىلىدۇ، سىز ھېچ قورقماي، قارا ئىشتنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇپ، بوغۇزلاۋېتىڭ، — دەپتۇ.

ئەتىسى بوۋاي ئوردىغا بارسا، پادىشا مۆكۈپ كېتىپتۇ. ھېچ ياققا قارىماي، ئوردىنىڭ كەينىدىكى ئەسكى ئۆيگە كىرسە، ئىككى چەتتە ئىككى ئاق ئىشت، ئوتتۇرىدا قارا ئىشت بىلەكتەك زەنجىر بىلەن باغلاقلىق ئىكەن. بوۋاي كىرىشى بىلەنلا، ئىشتلار شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، زەنجىرلىرىنى ئۈزۈۋالىدىغاندەك ئېتىلىپ ھاۋشىپتۇ. بوۋاي بارلىق كۈچ-غەيرىتىنى ژىغىپ، قارا ئىشتنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇپ، بېسىۋېلىپ، يەرگە نىقتاپ، ئۆيدىن ئېلىۋالغان پىچىقىنى چىقىرىپ ئىشتنى بوغۇزلاي دەپ تۇرغاندا ئىشت ئادەم سىياقىغا كېلىپ:

— ھوي-ھوي، توختا، توختا! بولدى-بولدى، يېڭىلدىم! — دەپ ۋاقىراپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

بوۋاينىڭ پادىشاغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى-پادىشانى قويۇۋېتىپتۇ. پادىشا قورقۇپ كەتكىنىدىن «ەگەر ئۈچىنچى قېتىم مۆكسەم، بۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن جاننىڭ بارىدا بۇنىڭدىن چاپسانىراق قۇتۇلاي» — دەپ، توققۇز خوتۇنىنىڭ ئەڭ كىچىكىنى بوۋايغا بېرىپتۇ. بوۋاي پادىشانىڭ ئاياليىنى ئېلىپ، ئىككى ژىلدىن كېيىن قىزىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن دېخانچىلىقتا داڭقى كەتكەن بىر ژىگىتكە بېرىپ، بەختىلىك ھايات كەچۈرۈپتۇ.



## ئۈژمە سايىسىنى ساتقان باي

بۇرۇن بىر يېزىدا بىر باي بار ئىكەن، ئۇنىڭ بازارغا ئۆتۈدىغان چوڭ يول ئۈستىدە يوغان بىر ھويلىسى، ئىشىك ئالدىدا ناھايىتى يوغان بىر تۈپ ئۈژمە دەرىخى بار ئىكەن. ئۇنىڭ سايىسى چۈش ۋاقىتلىرىدا يولغا، ھويلىغا ۋە كەڭ شادىلىق ئايۋانلىرىغا چۈشۈپ تۇرىدىكەن. دېخانلار ۋە يولۇۋچىلار ئىسسىق كۈنلەردە ھېرىپ-ېچىپ كېلىپ، شۇ ئۈژمە سايىسىدا ھادۇق ئېلىپ ئۆتمەكچى بولسا، باي چىقىپ:

– نەگە بېرىپ سايىدىساڭ شۇ يەرگە بېرىپ سايىداش... – دەپ قوغلايدىكەن.

شۇ يېزىدا ئەپچىلەم دېگەن بىر ژىگىت بولۇپ، ئۇ ژىگىت بايىنىڭ شۇنداق پەسلىك-پىخسىقلىغىغا غەزەپلىنىپتۇ. قانداق قىلساق دەردىمىز چىقار، دەپ ئويلاپ-ويلاپ «كۈلۈپتۇ»، قوساققا بىر ئىش پۈكۈپتۇ. لېكىن قوسىغىدىكى جۇرىنى چىقارغىچە، كۈز ئۆتۈپ، قىش كەپتۇ، كەلگەندىمۇ ئىغىر كۆپتۇ. «قىش ئوچىغى تار، قوپ، ئۆيۈڭگە بار» بولۇپتۇ. ئاغىنىلىرى بىلەن مورا ئوچاق ئالدىدا مۇڭداشقىدەكمۇ ياكى بىرەر دەرتنىڭ سىرىنى ئاچقىدەكمۇ بولالماپتۇ. ئۇ ياققا ژۈگرەپ بېقىپتۇ، جاڭگالدىن توغراق توشۇپ سېتىپتۇ، ئۇگاكلىرىنى ئەكىلىپ ئوچاققا يېقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئانىلىرىنى بېقىپتۇ.

قوساقلار تارتىشىپ پەي بولغاندا، سۆگەكلەر ئىچىدە ئىلىك تۈگەپ نەي بولغاندا، ئەتىياز كېلىپتۇ. باللار چېچەك تېرىشىپ ئويناپتۇ. ئېتىزلاردا مۇڭلۇق ناخشا، تىرىكچىلىك قايناپتۇ.

چۇغلۇقلار ئېچىلىپتۇ. كاككۇك سايراپتۇ. ئەپچىلەم ئېتىز يوللىرىدا ئاغىنىلىرى بىلەن تېپىشىپ – بىر تۈگۈگە كېلىشىپ، كۆڭلى ئارام بوپتۇ. ئاندىن بىر كۈنى شەھەرگە ناخشا ئېيتىپ راۋان بوپتۇ:

بازار يولى ژىراق يول،
تومۇزدا باللا ژىغلايدۇ...
سايىدا ياتاي دېسەڭ،
بايلار چىقىپ قوغلايدۇ.
بۇ ئالەمنى كەڭ دەيدۇ،
بىلەلمىدۇق زادىلا.
ئالقانچىلىك يەر تۇرماق
يېتەلمىدۇق سايىغا.

ئەپچىلەم ماڭا-ماڭا قاق چۈشلەر بىلەن ھېرىپ-ېچىپ تەرگە پىشىپ، ئاران ھېلىقى بايىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئۇلىشا-ۋۇلاشماي، ئىشتلىرى قاۋاپتۇ; ئۈژمە سايىسىغا «ۋۇھ» دەپ ئۆزىنى تاشلىشىغا، باي چىقىپ ۋاقىراپتۇ:

– ھەي، گاداي، ئەندى سەن نەدىن پەيدا بولدۇڭ، ئۆت بۇ ياققا!
– باي ئاكا، بۇ كۆپچىلىك ئۆتۈدىغان يول ئۈستىغۇ؟
– يول كۆپنىڭ بولغان بىلەن، سايە مېنىڭ...
– بىر دېمىمنى ئېلىۋالغىچە ئۈژمىلىرىنىڭ سايىسى تۈگەپ قالماس!
– تۈگەپ كەتسە بولامدۇ ئەمسە، ئۈژمىنى ئۆستۈرۈپ بەرگەندەك گەپ قىلىسەڭھۇ؟ بىلەمسەن، بۇ ئۈژمىنىڭ ھەر بىر يوپۇرمىغى بىر ئاق تەڭگىگە توختىغان!..
– بۇ گەپچە، مەن پۇلنىڭ سايىسىدا ئولتىرىپتىمەندە؟
– توغرا، لېكىن پۇلنىڭ سايىسىدا باي ئۆزى ئولتىرىدۇ. مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئەگەر پۇلۇڭ بولسا، سەنمۇ ئولتىرىسەن.
– پۇلۇم بولسا، ئولتىرامدىم؟
– ھە، ئەلۋەتتە.
– ئانداق بولسا، ئۈژمىلىرىنىڭ سايىسىنى ساتامىلا؟
– چوڭ سۆزلىمەي، يولۇڭغا ماڭساڭ قانداق بولاركىن!
– پۇلنىڭ چوڭ سۆزلىتىدىغانلىغىنى ئۆزلىرى بىلمەملا؟
باي دۇدۇقلاپ قاپتۇ ۋە پۇلنى ئويلاپ جىم بولۇپتۇ. قۇلاقلىرى دىڭ بولۇپتۇ. ئاخىر تاقەت قىلالماي، تىلى سۆزگە كەپتۇ، سۆزگە كەلگەندىمۇ، ئاۋال باھاغا – پۇلغا كەپتۇ...
ئەپچىلەم:
– سودا ئىشى ئاسان ئەمەس، سىلىمۇ ئىمام، مەزىنلىرىنى قىچارسىلا، مەنمۇ بىر-ىككى ئاغىنىلىرىمنى قىچىراي، خەتمۆر قىلىشايلى... – دەپتۇ.
باي:
– گېپىڭ راست بولسا، سەل توختىمامسەن، ئاۋال باھاسىنى كېلىشەيلى. ئاندىن ئۇچىدىن بىر نەرسە بەر، قالغان ئىشلار بولسا ئاسان، – دەپتۇ. ئۇ ياققا تارتىشىپ، بۇ ياققا تارتىشىپ، ئاخىرى ئۈژمە سايىسىنىڭ باھاسى تۆرت يۈز تەڭگە ئاق كۈمۈچكە سودا بولۇپتۇ. ئۇچىدىن ئەللىك تەڭگە بېرىپ، ئورنىغا بايدىن تىل خەت ئېلىپ، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرىنى قىچارغىلى مېڭىپتۇ.
باينىڭ شۇ يەردىن ئاغىزى قۇلىغىغا يېتىپ: «خۇدا ئۇرغان ئاخماقنى، ئەندى باي ئاكاڭنىڭ ئۇرغىنىنى كۆر! مۇنداقمۇ ئولجا بولارمۇ...» دەپتۇ دە، موللامغا كىشى ژۈگەرتىپتۇ. ئارقىدىن، توختا دەپتۇ كۆڭلىدە: «بۇنى كىشىلەر تۇيمىسۇن، ئىش بۇزۇلمىسۇن. مولامنى توغرىلاش ئۈچۈن ئۆزەم بېرىشىم كېرەك» – دەپ ئۆزى ژۈگرەپتۇ.
ئەتىسى بۇلار ژىغىلىپتۇ. ئىمامىمۇ بايكاملار بىلەن ماقۇللىشىۋېلىپ، مۆھرى يالاپ ئولتىرىپتۇ. ئەپچىلەممۇ روزىمەتكە ئوخشاش بىر-ىككى ئاغىنىلىرىنى باشلاپ، ئالدىن تەييارلاۋالغان سۆزلىرىنى دىللىرىغا پۈكۈپ، جايلاۋالغان پۇللىرىنى بەللىرىگە تۈگۈپ، يېتىپ كەپتۇ.
موللام:
– ئەلۋەدۇ مىنەل ئىمان بىزلەر بولساق شاھىت... – دەپ قەلەمنى قەغەزگە سۇگاشقا باشلاپتۇ; مۆر خەتنىڭ بېشىغا: «تەخىيى بىر مىڭ، ئېشىگى ئۈچ يۈز، توقۇمى ئون توققۇز، ماھى سەپەر خوشنىسىدا، باي غوجامنىڭ ھويلىسىدا»، – دېگەڭە ئوخشاش سۆزلەر، ئاندىن: مەنكى سەلەي باي ھويلامنىڭ كوچا پاسلىدىكى چوڭ ئۈژمىنىڭ سايىسىنى ئەپچىلاخۇڭھا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ھازارى مەجلىس ئالدىدا تۆرت يۈز تەڭگە كۈمۈچكە ساتتىم. تاكى ئۈژمە ئۆزى قېرىپ يوقالغىچە، ئۇنىڭ سايىسىدىن ئەپچىلاخۇن ۋە ھەتتاكى ئۇنىڭ ئاغىنە، خىشى-ەقرىبالىرىمۇ ھەر قاچان، ھەر زامان بېمالال پايدىلىنىدۇ. مابادا بۇنىڭغا «پېقىر» ۋە مېنىڭ ئەۋلادىم نارازى بولۇپ، داۋا قىلسا، ژۇت شەرئى ئالدىدا داۋاسى باتىل بولغاي...» دېگەن گەپلەر يېزىلىپتۇ. ئاخىرىغا ساتقۇچى، ئالغۇچى ۋە گۇۋا-شاھىتلار قول قويۇپتۇ. ئاخۇنۇم:
– مۇبارەك بولسۇن، ئەپچىلاخۇن! سىلىدەك ماكانسىز بىر ئادەمنىڭ باي خوجام ئىشىگى ئالدىدا مۇنچىلىك مۈلۈككە ئېگە بولغىنى – خۇدانىڭ چوڭ ئىلتىپاتى، سىلىنىڭ باشلىرىغا ئۈژمىنىڭ سايىسى ئەمەس، باي غوژامنىڭ سايىسى چۈشتى... – دەپتۇ مۆرە ھەققى ئېلىپ، قوينىغا سېلىپ.
بىر كۈنى باينىڭ خوتۇنلىرى ھوسما قويۇشۇپ ئولتارسا، باينىڭ باللىرى ھويلىغا ژىغلاپ كىرىشىپ كەپتۇ. ئاغچا خېنىملار سۇپىلارغا پۇتلىشىپ، ژىقىلىپ-قوپۇپ، شۇنداق چىقسا، باللىرى ئۈزلىرىنى تاتلاپ،

يەرنى تيپىپ ئۆلگىدەك ھاڭراپتۇ.

– ۋاي، ئالتۇن قوزىلىرىم، نېمە بولدى، كىم ئۇردى؟ – دەپ سوراپتۇ.

– ئۆژمە سايىسىدا ياتقان ئىشەكچىلەر سايىغا يېقىن كېلىشمە، ھارمىلار! – دەپ تىللىدى، – ھە... ھە! – دەپتۇ.

– ئۆژمىگە چىقمىز دېسەك، سايە يوق يەردىن چىقىش... – دېدى. – دادام قېنى؟

– ۋاي، بېشىڭنى يەيدىغان گادايلار... ئەندى ئۆلۆپتۇق! ھەممە گۇنا تويماس ئەشۇنىڭدا... پۇل دېسە، بىزنىمۇ سېتىشتىن يانمايدۇ. ژىغلىماڭلار، ئالتۇن بالىلىرىم، خەپ! داداڭ كەلسۇنچۇ، نە ئات، نە نومۇس...

تالادا راۋاپنىڭ ئاۋازى ھويلىدىكى ۋاڭ-چۇڭنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، تازا قىزىپتۇ ۋە ئۇزاقتىن كېيىن پەسىيىپ قاپتۇ...

بىر كۈنى باي ئېتىزدىن كەپتۇ. ئۆلگىچە ھېرىپ، ژىقلاي دەپتۇ. ئۆزى تەرگە چۆمۈلۈپ، ئۆزلىرى ئىسىلىپ، كالپۇكلىرى ئورۇس توخۇسىنىڭ بۇرنىدەك ساڭگىلاپ، خىرىلداپ قاپتۇ. باينىڭ تاق شۇ كەلگەن ۋاقتىدا ئۆژمىنىڭ سايىسى دەرۋازىغا چۈشكەن چېغىكەن، باي دەرۋازىدىكى سايىغا ئېتىنى دېۋىتىپ شۇنداق كېلىشىگە، ئەپچىلەم:

– توختىسىلا، بايىكا، پۇل كىمنىڭ بولسا، سايىدىن شۇ ئۆزىلا ئۆتىدۇ... – دەپتۇ. باي ئاران زۇۋاڭھا كەلسىمۇ، دەردى ئىچىگە ئۇرۇپ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتالماي قاپتۇ. باي ۋاراڭ-چۇرۇڭ چىقسا، يولۇۋچىلار ژىغىلىپ، زاڭلىق ئىچىدە قېلىشتىن قورققانمۇ:

– ئەمسە، مەن ئۆز پۇلۇمنىڭ سايىسىدىن ئۆتۈمەن، قانچە ئالسەن؟ تېز گەپ قىل! – دەپتۇ. ئاڭغىچە بازاردىن قايتقانلار بۇ ئارىغا يىقىنلاپ قاپتۇ.

– ئەللىك تەڭگە بېرىلا...

باي يولدا كېلىۋاتقان خەلىقلەرنى كۆرۈپ، ئىچىدە ئەندى بولمىدى دەپتۇ ۋە زەردە بىلەن:

– مانا، – دەپ ئاتنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئەللىك تەڭگەڭنى ھازىر ئەپچىقىپ تاشلاپ بېرىمەن! – دەپتۇ، چوكچىلىق بىلەن ھويلىسىغا ئۆزىنى ئاپتۇ... ئەپچىلەمنىڭ مۆرە ھەققىگە كەتكەن پۇللىرى تۆلىنىپتۇ.

ئامما باي شۇندىن كېيىن، دايىم مۇنداق چوڭ چىقىملارنى تۆلىمەسلىك ئۈچۈن، دەرۋازىغا چۈشكەن سايىلاردىن ئۆزى ۋە ئائىلە جېمەتلىرىنىڭ بىمالال ئۆتۈۋېرىشى ئۈچۈن يەنە ئەللىك تەڭگە بېرىپ، دەرۋازىغا چۈشكەن سايىنى ئاران ئىختىيارىغا ئېلىۋاپتۇ. «ەقىللىق باينىڭ ئېسىغا «اخماقلار»نىڭ يەنە قانداق كارامەتلىرى بارلىغى كەلمەپتۇ....

بىر بازار كۈنى باي شەھەرلىك ئاشنا-اغىنىلىرىنى چايغا چاقىرىپتۇ... مېھمانلار دەستىخاننى شادىلىق ئايۋاڭھا – كوچىدىكى يوغان ئۆژمىنىڭ سايىسى چۈشكەن سۇپىغا يۆتكەپ، تېخى ئەندىلا ياسىن پولۇنىڭ ئۈستىگە ژىقلاي دەپ تۇرغاندا، بىر نەچچە كىشىلەر ئىشەكلىرىنى يېتىلىشىپ، چورۇقلىرىنى سۆرىشىپ كىرىشىپ كەپتۇ...

ئەپچىلەم ۋە روزىمەتلەرنىڭ نېمىگە كەلگەنلىگىنى بىلگەن باي، سۇپىدىكى سايىغا بىر قاراپ قېتىپ قاپتۇ. ئاسماڭھا قاراپ ئالىيىپتۇ. بۇغدىيەكلىرى لىپىلداپ قاپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ تەھتىنى بىلمىگەن مېھمانلار ھەيران قاپتۇ. بايغا قاراپ كۈلگىنى تاس قاپتۇ. مېھمان بايلاردىن بىرى، «بۇ كەلگەنلەر باينىڭ مالايلىرى بولسا كېرەك»، دەپ:

– قېنى سەلىياخۇن، ماۋۇ چورۇقۋايلارغا بىر نەرسە دېمەملا، ئىشەكلىرىنى نېرى تارتىشسۇن! تۈگىتەلمەيدىغان قەرىزلىرى بارمىدىيە؟! نېمە ئانچىلا گەپ قىلالماي قېتىپ قاللا! – دەپتۇ. ئەپچىلەملەر پاراققىدا كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. باي بىر چۆچىگەندەك بولۇپ ئېسىگە كەپتۇ.

– خۇدا ھەققى، ھەر ئىش بولسا، كېيىن سۆزلىشەيلۇق، قېنى سىلەرمۇ مېھمان، ئا يەردە ئولتىرىڭلار. سىلەرگىمۇ دەستىخان سالسۇن... – دەپتۇ. روزىمەتلەر:

– بايىكاملارنى نەدە مېھمان قىلىسىلەر، بىز سىلىدىن دەستىخان سېتىۋالمىدۇق... – دەپتۇ ۋە ئىشەكلىرىنى سېتىۋالغان سايە چۈشكەن شادىلارغا باغلاپ، چاپان چورۇقلىرىنى سۇپىنىڭ سايە چۈشكەن يەرلىرىگە تاشلاپتۇ. مېھمان بايلار:

– ئاش ھارام بولدى... – دېيىشىپ، نېرى قېچىپتۇ. ئەپچىلەم:

– ئاش ھارام بولسىمۇ، چاغلىق گەپ. لېكىن بىزنىڭ تۆرت يۈز تەڭگىلىك سايىمىز ھەر قايسىلىرىنىڭ «استىدا» قېلىپ، ھارام بولغىنى يامان بولدى، – دەپ سىرنى ئېچىپ تاشلاپتۇ. ۋاراڭ-چۇرۇڭلار كۆتىرىلىپتۇ. روزىمەتلەر بوش كەلمەپتۇ... مېھمانلار بىر تەرەپتىن، ئىچىدە «ھە، بىزگە چوڭ سۆزلەيدىغان سەلەيباي،

كارامىتىڭ ئاشكارە بولدىمۇ؟» دەپتۇ. ئۆچىنى ئالغاندەك قىلىپ، بايغا بولۇشقىلىمۇ پېتىنالماپتۇ. قۇيرۇقنى بىر-بىرلەپ شەھەرگە تىكىپتۇ. باينىڭ گەژگىسى تارتىشىپ، ئۆيگە كىرىپ ژىقىلىپتۇ... ئەپچىلەملەر سايىدا بىر دەم ھادۇقلىرىنى ئېلىشىپ، يېزىلىرىغا كېتىپتۇ.

بې ۋاقىە ئەندى شەھەرگە يېتىپتۇ. قۇلاقتىن-قۇلاققا تاراپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەپچىلەملەر شۇ بازار كۈنى مۆر خەتتىن بىرنى كۆچەرتىپ، بازاردىكى چوڭ مېچىتنىڭ ئالدىغا چاپلاپ قويغان ئېكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش خەلقى ئالەمگە پۇر بولۇپتۇ.

ئەندى باي ئۆيدىن ھېچ يەرگە بارالماي، مۆكۈپ يېتىپتۇ. ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ:

چېقىر ئۈژمە سايىسنى
ئاق تەڭگىگە ساتقان باي.
ھويلىسىدىن چىقالماي،
چاشقان بولۇپ ياتقان باي –

دېگەن ناخشىسىدىن تويۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، كۈنلەر ئاستا-استا ئۆتۈپ، «گادايلار» بىر ئاز جىمىققاندەك تۇيۇلۇپتۇ.

بىر كۈنى كېچىدە باي ئۆلگەندەك ئۇخلاۋاتسا، ئۆگۈزىدە گۈپۈر-گۈپۈر ئاۋازلار، بىر دەمدىن كېيىن ناخشا، راۋاپلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. باي مەگدەپ ھويلىغا چىقسا، ئىشت بىر نەرسىنى غاجاپ ياتقانلىقتىن، قاراپ قويماپتۇ. ئۆيگە كىرسە، خوتۇنلىرى ئاھانەت قىلىپ ئارام بەرمەپتۇ. باي شوتىغا يامىشىپ چىقىپ قارىسا، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتارغىدەك. ئۇلار سۈتتەك ئايدىڭدا ئۆگۈزىنى بېشىغا ئاپتۇ. باي شوتىدىن ژىقىلغىلى تاس قاپتۇ ۋە ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ۋاقىراپتۇ.

ئەپچىلەم:

– بىز ئۆزىمىز سېتىۋالغان سايىدا ئولتاردۇق. باشقا كىشىلەر يوق. كىرىپ ئۇخلاۋەسلە، تەخسىر، – دەپتۇ. باي چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ:

– مەن ئۈژمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسنى ساتمىغان... – دەپ كاكىراپتۇ.

– چۈشەكەپلا، تەخسىر، ئۆيلىرىگە كىرىپ، مۆر خەتكە قاراپ، «بېمالال»، «ھەر قاچان – ھەر زامان» دېگەن يەرلىرىنى ئوقۇسلا، – دەپتۇ. راۋاپ بىلەن ناخشا يەنە قايناپتۇ.

باي ئۆيگە كىرىپ ئويلاپتۇ. لېكىن خوتۇنلىرى تەنە-تاپا بىلەن ئويلىغىلى قويماپتۇ. شۇنداقتىمۇ، يەنە ئويلاپ «ەقىل» تېپىپتۇ. يەنە ئۆگۈزگە چىقىپتۇ.

– ئەمسە ئۈژمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسنى ئۆزەمگە سېتىپ بەرسەڭلا... – دەپتۇ. باي ئۆزىچە لوللىق قىلىپ، ئۈژمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسنى مىڭ بالالىقتا ئۈچ يۈز ئەللىك تەڭگە كۈمۈچكە سېتىۋاپتۇ. لېكىن ئەندى ئۆزى تېخىمۇ «ويغا» قاپتۇ. تالاغا چىقسا ژۇت-جاماەت، رەقىپلىرىنىڭ دەردى، ئۆيگە كىرسە بالا-جاقا، رەپىڭلىرىنىڭ دەردى، زاڭلىق، مەسقىرە، چېقىم... باينىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گادايلارنىڭ بۈگۈن كېچە بېشىغا چىقىۋالغانلىغى، ئۈژمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسنى ئۆزىگە سېتىپ، پۇلنى قايتۇرۇۋالغانلىغى باينى خۇن-خۇن قىلىۋېتىپتۇ.

– «ايدىڭ سايىسى» تالاغا تارالسا، يەنە نېمە گەپلەر بولۇپ كېتەر؟... بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى ئېكەنلىگىگە كۆزى يەتكەن باي ئۇزاققا قالماي، ژۈك-تاقلىرىنى ئۇلاقلارغا ئارتىپ، باشقا ژۇتقا كۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئۈژمىنىڭ سايىسى خەلىققە قاپتۇ. ئەپچىلەملەر بايدىن دەردىنى شۇنداق ئاپتۇ.



## قۇتلۇق بىلەن قالىغاچ

بار ئېكەنۇ، يوق ئېكەن، ئاچ ئېكەنۇ، توق ئېكەن، ئاچنىڭ غېمى ئاچلىقتا، توقنىڭ غېمى يوق ئېكەن.

شۇ زامانلاردا بىر يەردە بىر بالا بولۇپتېكەن، ئۇنىڭ ئېتى قۇتلۇق ئېكەن، ژۇرىگى ئوتلۇق ئېكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى قۇتلۇقجان چۈش مەزگىلى ئېتىزدىن قايتىپ، ژۈگرەپ ئۆيىگە كەلسە، دالان ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قالىغاچنىڭ بالىسى پالاقلاپ ياتقىدەك. ئاستا قولىغا ئېلىپ قارىسا، بىچارىنىڭ بىر پۇتى سۇڭگەان، هالى بەك خاراپ، زار ژىغلاپ تۇرغان...

قۇتلۇق بۇ قالىغاچنىڭ بالىسىغا ئىچى ئاغرىپ قاناتلىرىنى سىلاپتۇ. باشلىرىغا سۆيۈپ، كۆزلىرىگە سۇگاپتۇ. نېمە بولدى پۇتۇڭ؟.. دەپ هالىنى سوراپتۇ. ئاڭغىچە تام-تورۇسلاردا ئۇچۇپ ژۈرگەن ئانا قالىغاچلار قۇتلۇققا قاراپ:

ۋاي-ۋاي ئىست، ۋىچىر-ۋىچ،
بىلەلمىدۇق سىرنى هېچ.
ئېتىڭ بىزگە قۇتلۇقجان،
نېمە بوپتۇ، نېمە ئى...ش؟ —

قۇتلۇقجان:

— ۋىچىر-ۋىچىر قالىغاچ،
سىلەر يوقتا بۇ بەگۋاش،
پېتىشماستىن ئۇگىدا
مېيىپ بوپتۇ ژىقىلغاچ... —

دەپ بولغان ۋاقىەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئانا قالىغاچلار بۇنى ئاڭلاپ، بالىسىغا قاراپ:

دېمىدۇقمۇ بىز ساڭا،
ئىناق بولۇپ تۇرغىن تېچ.
ئەندى قانداق قىلىمىز،

ئاڭلىمىساڭ گەپنى ھې...چ، —

دەپ چىچىلىپتۇ، ئىچىنىپتۇ. ئاخىرى قۇتلۇقجاگھا قاراپ:

ئەندى قانداق قىلىمىز،
ئۆلۈپ قالسا بالىمىز؟
بۇنىڭ ئۈچۈن چارىنى
ئىزدەپ نەگە بارىمى...ز؟ —

دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ.
قۇتلۇق بىر ئاز ئويلىنىپ:

— ۋىچىر-ۋىچىر قالىغاچ،
تاپتىم چارە ئويلىغاچ،
بۇنىڭ ئىشى: بىر تال ژىپ،
كىچىككىنە جۇپ ياغاچ ... —

دەپ ئانىسىنىڭ يېنىغا ژۈگرەپتۇ. ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ، بىر قېتىم ژىپ، بىر چىمدىم پاختا سوراپ ئېلىپ، ئوتۇندىن ئىككى تال كىچىككىنە شىشىق چىقىرىپ، بۇلار بىلەن تېڭىق-چىلىق قىلىپتۇ، بىر دەمدىلا قالىغاچنىڭ پۇتىنى ئۇبدان تېڭىپ، ئاستا ئۆز ئۇگىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ.
ئانا قالىغاچلار:

— ۋىچىر-ۋىچىر، ۋىچىر-ۋىچ،
ئەندى بولدى كۆڭۈل تىچ.
ياخشىلىققا ياخشىلىق...
ئۇنتۇمايمىز بۇنى ھې...چ! —

دەپ ناھايىتى خۇش بولۇپ، قۇتلۇقجاگھا رەخمەت ئېيتىپتۇ. ئاندىن كۆڭلى تىنىپ، بالىلىرىغا دان توشۇشقا يەنە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.
كۈنلەر ئۆتۈپ، كۈن كەپتۇ. قىلغان چارە ئوڭ كەپتۇ. ھېلىقى بالا قالىغاچنىڭ سۇگھان پۇتى ئوڭشىلىپ، ئاتا-انىسىغا قوشۇلۇپ كەچ كۈزگىچە تۈلەپتۇ. قىشقا قالماي قالىغاچلار ئىسسىق جايىغا جۆنەپتۇ.
كېلەر ژىلى كۆكلەمدە قۇتلۇق ئولتارسا بىر كەمدە، بىر قالىغاچ كەپتۇ ھويلىسىغا، كاراپ تۇرسا ئاغزىدا دان، قونۇپتۇ ئۆيىنىڭ تورۇسىغا، بۇلتۇقى كونا ئۇگىسىغا.
قۇتلۇقجان تونۇغاندەك قىلىپ، قالىغاچقا قاراپ كۈلۈپتۇ. قالىغاچنىڭ ئاغزىدىكى «دان» ئاگھىچە ئالدىغا «توك!» قىلىپ چۈشۈپتۇ. قۇتلۇق دەررۇ داننى قولىغا ئېلىپ قارىسا، تاۋۇزنىڭ بىر تال ئۇرۇغى. شۇ يەردىن قۇتلۇقجان خۇش بولۇپ، كۆڭلىگە قانداقتۇ ئۈمۈت تولۇپ، ئېتىزغا قاراپ ژۈگرەپتۇ. ئېتىزغا بېرىپ يەر تاللاپ، ئۇرۇقنى ئۇبدان تېرىپتۇ، ئۇرۇق پاتلا ئۈنۈپتۇ. قۇتلۇق يەنە توختىماي، پەرۋىش قىلىپ بېرىپتۇ.
كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كەپتۇ. پېلەك يېيىلىپ ھەر ياگھا چوڭ ئېتىزغا بىر كەپتۇ. قارىسا: ھەر تاۋۇز، ھەر تاۋۇز! ھەر بىغىشتا بىر تاۋۇز. قۇتلۇق يەنە قارىسا، تاۋۇزلارنىڭ ئارىسىدا كۆزنىڭ يېغىنى يېگەندەك يوغان بىر تاۋۇز ئالاھىدە تۇرغىدەك! قۇتلۇقجان ئۇنى سىناپ: تاك-تاك قىلىپ چېكىپتۇ. پىشقانلىغىنى بىلىپتۇ، كۆتۈرەلمەسلىگىنى ئويلاپ، ئۆيىگە قاراپ چېپىپتۇ...

— ۋاي دادا، ۋاي ئاپا!..
تەرگەن تاۋۇز چۈشۈپتۇ.
ئارىدا بىرى ئەجايىپ!..

چېكىپ باقسام پىشىپتۇ.
زەمبىل بىلەن كۆتىرەيلى،
ئۆيگە چاپسان ئەكىلەيلى... –

دەپتۇ، دادىسىغا يېلىنىپتۇ.

ئاخىرى دادىسى بىلەن بىرىپ، ھېلىقى تاۋۇزنى زەمبىلگە سېلىپ، يولدا نەچچە كىشى ھەمدەملىشىپ، ئانىسىمۇ ياردەملىشىپ، ئۆيگە ئاران ئەكىلىپتۇ. ئەكىلىپ ئولاش-چولاش پىچىشسا، تاۋۇزنىڭ ئىچىدىن ئۇرۇقلار ئالتۇن-كۈمۈچ بولۇپ، يەرگە جىرىڭلاپ چېچىلىپتۇ...

تاۋۇزنى ھەممەيلەن، خوشنا-خولۇم جىمەيلەن بىللە تۇرۇپ يەپتۇ. يەپ بولۇپ، جاماەت خوشال، شۇنداق دەپتۇ:

مانا بۇ ئىش ئەسلىدە،
ياخشىلىقتىن بولغان ئىش...
بارىكاللا، قۇتلۇقجان،
قۇتلۇق بولسۇن قۇتلۇق ئىش.

* * *

قۇتلۇقنىڭ خۇشلىگىدىن، ئاغزىنىڭ بوشلىغىدىن، بۇ ئىشنى ئەتىسى باينىڭ باقى دېگەن بالىسى ئاستا بايقاپ بىلىۋاپتۇ. ئالتۇن-كۈمۈچنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ. بىراق ھېچ نىمە قىلالماپتۇ. شۇنداقتىمۇ، ئاچ كۆز باقى قۇتلۇقنى كۆرەلمەپتۇ. تىت-تىت بولۇپ، دايىما خاتىرجەم ژۈرەلمەپتۇ. كۆرگەن يەردە «ەقىللىق دېگەن سەنمۇ؟ سەن قىلغان ئىشنى مەن قىلالمايمەنمۇ!» دەپ قۇتلۇقنى سۆكۈپتۇ. ئەڭ ئاخىرى كۆكۈلگە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ.

ئەتىياز بولغاندا، قالىغاچ بالىسى چىققاندا باقى چىقىپ تورۇسقا بىرىنى ئوغۇرلاپتۇ، پۇتىنى قەستەن سۇندۇرۇپ ياغاچ بىلەن تېڭىپ قويۇپ، ئۇگىسىغا سېلىپ قويۇپ، ئىشنى توغرىلاپتۇ.

بىر ئاز ئۆتمەي قالىغاچلار ئۇگىسىغا كېلىپلا، بولغان ئىشنى تۇيۇپتۇ:

ۋىچىر-ۋىچىر، ۋىچىر-ۋىچ،
باللىرىم، نىمە ئىش؟
باينىڭ ئوغلى سىلەرنى
قويماپتۇدە، ئاخىر تې...چ! –

دەپ سوال قويۇپتۇ. ئاڭغىچىلىك باللار دەرت تۆكۈپتۇ:

.......................................[1]

ئاندىن كېيىن ئانا قالىغاچ:

– ۋىچىر-ۋىچىر، ۋىچىر-ۋىچ،
سىلەردە يوق گۇنا ھېچ،
يامانلىققا يامانلىق...
ئۇنتۇماڭلار بۇنى ھې...چ، –

---

1 موشۇ چېكىتى بار ئورۇڭها قالىغاچ باللىرىنىڭ نىمە دەپ دەرت تۆككەنلىگىنى ئۆزەڭلار بىر كۈپلېت قوشاق قىلىپ يېزىپ قويۇڭلار.

دەپ باللىرىنى قۇچۇپتۇ. پۈتى سۇڭھان باللىسنى بەزلەپ، دان ئۆچۆن ئىتىزغا يەنە ئۇچۇپتۇ.
كۆنلەر ئۆتۆپ كۆن كەپتۇ، ھەپتە ئۆتۆپ ئاي كەپتۇ. بالا قالىغاچ ئوڭشۇلۇپ، قاتارغا ئاران قوشۇلۇپ، كۆزگە كەلگىچە تۆلەپتۇ، ئاقساپ ژۆرۆپ كەچ كۆزدە ئىسسىق جايغا جۆنەپتۇ:
ئاڭغىچىلىك قىش كەپتۇ. باقى ئالتۇن كويىدا قىشنى ئاران چىقرىپتۇ. ئەتىيازلىغى ھەر كۆنى قالىغاچ ئۇگىسىغا قاراپتۇ، ئوغرى مۆشۆكتەك ماراپتۇ. بىر چاغلاردا قالىغاچلار كەلگىلى باشلاپتۇ. بىرسى كېلىپ باقىغا بىر نېمە تاشلاپتۇ. باقى دەررۇ ئېلىپ قارىسا، كۆزىگە سۇگاپ يالىسا، تاۋۇزنىڭ بىر تال ئۇرۇغى! باقى خوشالىلىغىدىن پېقىراپ، ئېتىزلىقا بېرىپ، يەرنى بىر ئاز تاتىلاپ، ئۇرۇقنى كۆمۆپ قويۇپتۇ. ئۇرۇق ئۆنۆپ چىقىقىچە، تاۋۇز چۆشۆپ پىشقىچە جاندىن نەچچە تويۇپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، بىر كۆنى باقى قارىسا، پىلەككە يوغان بىر تاۋۇز چۆشۆپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي پىشىپتۇ. باقى تاۋۇزنى ئۆزۆپ، ئۆزى يالغۇز پىچىپتۇ. پىچىشىغىلا تاۋۇزنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقلار ھەرە بولۇپ غۇژۇلداپ، راسا قوغلاپ چىقىپتۇ. باقى: «اللا، ۋاي جان!» — دەپ، ئوقرۇق تەككەن موزايدەك، مەلىگە قاراپ قىچىپتۇ. ژىغلاپ، قاخشاپ، ۋاقىراپ ژۇتنى بېشىغا كىيىپتۇ.
تەرەپ-تەرەپ، تۆش-تۆشتىن خالايىقلار ئۇلىشىپتۇ:

— نېمە سىر بۇ، توختاڭلار!...
ئاجراتماڭلار، تېچ! — دەپتۇ.
ھەممە قاراپ باقىغا:
ساڭا لايىق ئىش، — دەپتۇ.

قالىغاچلارمۇ ئۇلىشىپ:

— ۋىچىر-ۋىچىر، ۋىچىر-ۋىچ،
ساڭا لايىق شۇنداق ئىش.
يامانلىقا، يامانلىق،
جايىدا كەلسە ئۇبدان ئى...ش! —

دەپ سايرىشىپتۇ.
ئۇششاق باللارمۇ:

نەپسى يامان باقى باي،
ئەندى قالدى چاتاقا.
ئەقلىڭ بولسا ۋاقىرىماي،
كىرىۋالغىن پاتقاقا!.. —

دەپ زاڭلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.
شۇ چاغدا باقىنىڭ «ھەرە چاقان يەرگە لاي سۇگىسا ساقىيامىش»، دېگەن سۆزلەر ئېسىغا كېلىپ، پاتقاقلىقا ئۆزىنى بېشىچىلا تاشلاپتۇ.



## ئاچ كۆز باي

«زامانە زورنىڭ، تاماشە كورنىڭ» بولغان چاغلارنىڭ بىرىدە، بىر مالنى ئىككى، بىر پۇلنى ئۈچ قىلغىچە جېنى شىقىراپ، كۆزىدىن ياش ئېقىپ تۇرىدىغان سوپى دېگەن بىر باي بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ قېپىنانىسىنىڭ گۆھەر تۇغۇدىغان بىر مېكىيىنى بار ئىكەن. تەلىيىگە يارىشا قېپىنانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، گۆھەر تۇغۇدىغان ئاق مېكىيەن ئايالىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ. ئۇ مېكىيەن ئادىتى بويىچە كۈندە بىردىن گۆھەر تۇخۇم تۇغۇپ تۇرۇپتۇ. باي بۇ گۆھەرنى سېتىپ، دۇكان ئېچىپتۇ ۋە كۈندىن-كۈنگە سودىسى ياخشى بولۇپ، دۇكىنى تۈرلۈك ماللار بىلەن تولۇپتۇدە، بارا-بارا بايلار ئىچىدە ئابرويى كۆتىرىلىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن باي توخۇنىڭ كۈندە تۇغۇدىغان بىر تۇخۇمىغا قاناەتلەنمەي، توخۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق گۆھەرنى ئېلىپ، بىردىنلا پۈتۈن دۇنيادىكى ئاسىل گەزىنىلىرى بار بايلار قاتارىغا ئۆتۈشنى ئويلاپتۇدە، ئايالىدىن ئوغرىلىقچە ئاق مېكىيەننى سويۇپتۇ، لېكىن مېكىيەننىڭ ئىچىدىن باي كۈتكەن گۆھەرلەرنىڭ بىرىمۇ چىقماپتۇ.



## بۆرە، تۈلكە ھەم بۆدۈنە

بۇرۇن زاماندا، كونا خاماندا
ئۈچى بىر بولۇپ قونمىغان ئىكەن.
كىشى بارمىغان چۆللۈك ياۋاندا
بىر-بىرىنى تونۇمىغان ئىكەن.
جاڭگاللىقلارنى تۈلكە ئارىلاپتۇ،
ھېچ قايسى بۇنى تۇيمىغان ئىكەن.
ئاچ كۆز بۆرىدىن جانلار زارلاپتۇ،
ئۇچرىغاننىلا قويمىغان ئىكەن.
تۈلكە مۇغەمبەر، بۆرىسى ئاچ كۆز،
بۆدۈنە ساددە، ئۇخمىغان ئىكەن،
ئۈچى سەپەردە، پەسلىسى كەچ كۈز،
ئامما بۆدۈنە قورقمىغان ئىكەن.

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، كەنجە بېدە ئورۇلۇش ۋاقتىدا بىر بۆدۈنە بىر كونا خاماننىڭ قىرغىقىدىكى چىملىقتا ئۆز جورىلىرىنى ئىزدەپ «چۇر-چۇر-چۇر» قىلىپ تۇرغاندا، بىر تۈلكە قۇيرىقىنى ژۇقۇرىغا كۆتىرىپ، بۆدۈنىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بۆدۈنە بىلەن تۈلكە بىر-بىرىسىگە قارىشىپ تۇرۇشقاننىڭ ئارىلىقىدىلا، بىر بۆرە بىر چامداپ، ئىككى ئالىيىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. بۆدۈنە، بۆرە، تۈلكە ئۈچى بىر-بىرسى بىلەن ئۇچتۇمتۇتلا ئۇچرىشىپ قالغانلىقتىن، كۆز سوقۇشتۇرۇپ ئولتارغان كىشىلەردەك لام-جىم دېيىشمەي، خېلە ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە تۇرۇشۇپ قاپتۇ.

بىر ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، تۈلكە ئاۋال بۆرىگە، كېيىن بۆدۈنىگە تازا سەپ سېلىپ قاراۋېلىپ، ئاستا ئېگىشىپ سالام بېرىپتۇدە، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۈچىمىز ئۈچ ياقتىن كەلدۇق، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاران تېپىشتۇق. ئۈچىمىز دوست بولايلى، دوست بولغاندىمۇ چىنە دوست بولايلى، تاپقان-تەرگىنىمىز تەڭ بولسۇن، ئۆمرىمىز بىللە ئۆتسۇن.

بۆدۈنە بىلەن بۆرە ئاۋال بىر-بىرسىگە قارىشىۋېلىپ، كېيىن ئىككىسى تەڭ ئېگىلىپ، تۈلكىگە تازىم قىلىشىپتۇدە، تۈلكىنىڭ تەكلىۋىنى ماقۇل كۆرۈشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. بۇ ئۈچى شۇ كۈندىن باشلاپ بىر-بىرسى بىلەن دوست ۋا ئاكا-ئىنىدەك بولۇشۇپ، ئۇزۇن زاماڭىچە بىر كونا خاماندا كۈن ئۆتكۈزۈشۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆدۈنە، تۈلكە، بۆرە ئۈچى ژىراق بىر جايغا سەپەرگە جابدۇنۇپ، يولغا راۋان بولۇشۇپتۇ. ئۇلار قويۇق چاتقانلىق جاڭگاللارنى، ئېگىز-پەس تاغىدىرلارنى ۋە ئويمان-چوڭقۇر سايلارنى بېسىپ ئۆتۈشۈپتۇ. سەپەرنىڭ دەسلىۋىدە ھەر قايسى ئوزۇقتىن خالىغىنىچە كەڭ-تاشا يەپ-ئىچىپ مېڭىشىپتۇ. يول ژۈرۈشمۇ كۆڭۈللۈك بوپتۇ. ئامما يول بارغانسىرى ئۇزىرىشقا باشلىغاندىن كېيىن، يېمەك-ئىچمىگى تۈگەپ، بەزىدە ئوزۇق تېپىلىپتۇ، بەزىدە تېپىلمايمۇ قاپتۇ. مۇنداق ۋاقىتلاردا ئوزۇقنى تەڭ يېيىشىپتۇ. تويمىغۇرلۇق قىلىشلارغا يول قويۇلماپتۇ. بۆرە بۇ ئەھۋالغا ئانچە رازى بولماپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ، تاماق يېگەندە ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتارمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. تۈلكە بۆرىنىڭ بۇ كەيپىياتىنى سەزگەن بولسىمۇ، بىلمەسكە سېلىپ، خۇپسەنلىك قىلىپ ماڭىۋېرىپتۇ.

يول بارا-بارا ئۇزارغاندىن كېيىن، بۆرە قوسىقىنىڭ ئاچلىقىغا چىداشلىق بېرەلمەپتۇ، بۆدۈنە بىلەن تۈلكە بۆرىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، لىپىلدىشىپ كېتىۋېرىشىپتۇ. بۆرە غەيرىتىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن خېلە يەرلەرگىچە مېڭىپ بېقىپتۇ، ئاخىرى بولالماي، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا لاپچىيىپ ئولتىرىۋېلىپ، جېنىنىڭ بارىچە:

— ئاغىنىلەر، توختاڭلار! — دەپ ۋاقىراپتۇ. بۆدۈنە بىلەن تۈلكە ئارقىسىغا قارىسا، بۆرە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا پالازدەك سوزۇلۇپ ياتقىدەك. ئۇلار يېنىپ بۆرىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. سەپ سېلىپ قاراشسا، بۆرىنىڭ

چىرايى تاتىرىپ، يەتتە ژىل كىيزىك تارتقاندەك سارغىيىپ كېتىپتۇ. بۆرە تۈلكە بىلەن بۆدۈنىگە يەر ئاستىدىن قاراپ، ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەپتۇدە، ھالسىرىغان ھالدا:

– مېنىڭ قوسىغىم راسا ئاچتى، يەيدىغان بىر نەرسە تېپىلمىسا، يول ژۈرەلمەيمەن، – دەپ دومسىيىپ يېنىچە يېتىپتۇ.

تۈلكە بۆرىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، قۇيرىغىنى ژۇقۇرى كۆتىرىپ، بىر ئۇ ياققا، بىر بۇ ياققا مېڭىپتۇ. كېيىن، چوڭقۇر ئويغا چۆمۈلگەندەك، بۆدۈنىگە قاراپتۇ. مۇنايىملىق بىلەن كۈنى ئۆتۈۋاتقان بۆدۈنە نېمە دېسۇن؟! ئۇمۇ بويىنىنى قىسىپ ئولتىرىپتۇ. تۈلكە ئولتارغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، سوزۇلۇپ ياتقان يان باغرىغا كۆز سېپتۇ. بايقىغىدەك بولسا، بىر خوتۇن ئېتىزدا كۈزگى ئېگىز ئاختۇرۇۋاتقان ئېرىغا تەشتەكتە مانتا ئېلىپ كېلىۋاتقىدەك; تۈلكە دەررۇ بۆرىگە قاراپ:

– دوستۇم، غەم قىلما. قوسىغىڭنى ھازىر تويغۇزۇمىز، – دەپتۇ ۋە بۆدۈنىنى يېنىغا تارتىپ:

– بۇرادەر بۆدۈنە! ئەۋۇ كېلىۋاتقان خوتۇننى كۆردۈڭمۇ؟ – دەپ سوراپتۇ. بۆدۈنە بويىنىنى سوزۇپ «ھە-ھە كۆردۈم» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. تۈلكە بۆدۈنىگە تىكىلىپ:

– سەن ئەشۇ خوتۇن كېتىپ بارغان تەرەپكە قاراپ ئۇچسەن. ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا بارغاندا، ئالدىغا چۈشسەن، ئۇ سېنى تۇتۇۋالىمەن دەپ قوغلايدۇ. سەن بولساڭ، ئازىراق ئۇچۇپ، نېرىراق بېرىپ چۈشسەن. ئۇ كېلىپ سېنى تۇتۇمەن دەپ يەنە قوغلايدۇ، سەن يەنە ئۇچۇپ، خوتۇننىڭ بېشىغا قونۇسەن، ئۇ خوتۇن كۆتىرىپ كېتىۋاتقان تەشتىگىنى يەرگە قويۇپ، سېنىڭ بىلەن ئاۋارە بولۇپ قالىدۇ. سەن پەخەسلىك بىلەن يەنە يەرگە چۈشسەن، شۇنداق قىلىپ بىر ئۇچسەن، بىر يەرگە قونسەن، ئاخىرىدا قوش ھايداۋاتقان ئېرىنىڭ يېنىغىچە بارسەن، تەشتەك بولسا شۇ يەردە قالىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىسسىق مانتا بىزگە ئوزۇق بولىدۇ، – دەپتۇ.

– يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېنىچە يېتىپ، قوساقنىڭ قايغۇسىدا قالغان بۆرە، تۈلكىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خوشاللىقتا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، «ىسسىق مانتا» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئاغزىدىن سېرىق سۇلار كېلىپ، تامشىپ كېتىپتۇ.

بۆدۈنە تۈلكىنىڭ مەسلىھىتىگە «ماقۇل» بولۇپ، ھېلىقى خوتۇن تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. بۆدۈنىنىڭ ئارقىسىدىنلا تۈلكە بىلەن بۆرە ھېلىقى خوتۇن كېتىۋاتقان يولنىڭ چېتىدىكى ئېرىقنىڭ ئىچىدە ماراپ يېتىشىپتۇ. بۆدۈنە ئۇچقان بويىچە خوتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشۈپ، بويىنى ئۇزۇن سوزۇپ، چۇرۇلداپ، يورغىلاپ مېڭىپتۇ. تەشتەك كۆتىرىپ كېتىۋاتقان خوتۇن:

– ھەجەپ چىرايلىق جانىۋاردە، سەن. چۇرۇلداشلىرىڭ خويمۇ يېقىملىق. سېنى تۇتۇپ بالامغا بېقىپ بېرەي، – دەپ بۆدۈنىنى قوغلاپتۇ. بۆدۈنە ئاستا ئۇچۇپ، ئىككى-ئۈچ ئايلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا قونۇۋاپتۇ. خوتۇن ناھايىتى خوشال بولۇپ: «ەندى تۇتۇۋالىدىغان بولدۇم»– دەپ بېشىنى مىدىرلاتماستىن، تەشتەكنى يەرگە قويۇپتۇدە، ئىككى قولىنى ئاستا بېشىغا سوزغاندا، بۆدۈنە ئۇچۇپ يەرگە قونۇپ، خوتۇننىڭ ئالدىدا يورغىلاشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ بۆدۈنىگە تېخىمۇ ئامراقلىغى كېلىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىۋېرىپتۇ. تەشتەك بولسا، ئۇنىڭ يادىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۆدۈنە بىر ئۇچۇپ، بىر يەرگە قونۇپ، ئۇنى مېلىكە قىلىپ كېتىۋېرىپتۇ. خوتۇن بولسا، ھارغاڭلىغىنى سەزمەيلا، بۆدۈنىنى قوغلاپ، ئېرىنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلەي، دەپ قاپتۇ.

قوش ھايداۋاتقان ئېرى خوتۇنىغا قارىسا، پۇلاڭلاپ چىقىپ كېلىۋاتقىدەك، ئۇنىڭ چاچلىرى چۇگۈلۈپ كەتكەن. يېقىنىراق كەلگەندە بايقىسا، بىر بۆدۈنە خوتۇننىڭ ئالدىدا بىر ئۇچۇپ، بىر يەرگە قونۇپ يورغىلاپ كېلىۋاتقىدەك، دېخان ھايداۋاتقان قوشىنى توختىتىپتۇ. ئاڭغىچە بۆدۈنىمۇ ئۇچۇپ كېلىپ، قوش ھايداۋاتقان يەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىللىلىشىپ، بۆدۈنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا كىرىشىپتۇ. بۆدۈنە بۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قېچىۋېرىپتۇ. ئاخىرى ئەر-خوتۇن ئىككىسىنى ھاردۇرۇپتۇ. بۆدۈنە بىر ئاسماڭھا ئەرلەپ، بىر يەرگە شۇڭغۇپ، قوشقا قېتىقلىق ئۇينىڭ مۇڭگۈزىگە قونۇپتۇ، ئەتىدىن كەچ كىرگىچە قوشقا قېتىلغان ئۇي ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، مۈڭگۈزىنى سىلكىپمۇ قويماپتۇ.

– توختا، خوتۇن، توختا! توختا دەيمەن، – دەپ دېخان ئالدىراشلىق بىلەن قولىغا بىر كالتەكنى ئاپتۇدە، چەنلەن تۇرۇپ ئاتقان ئىكەن; بار كۈچ بىلەن ئېتىلغان كالتەك بىچارە ئۇينىڭ بىر مۈڭگۈزىنى تاق تۈۋىدىن قومىرىپ چۈشۈپتۇ. بۆدۈنىگە كالتەك تېگەمدۇ، ئۇ ئاللىقاچان پەيدەك ئۇچۇپ كۆزدىن ژۈتۈپتۇ. دېخان «ەتتەڭ» – دەپ ئۇينىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسا، كالتەكنىڭ زەربىسىدىن قومىرىلىپ چۈشكەن مۈڭگۈزنىڭ ئورنىدىن قان توختىماي ئېقىپ تۇرۇپتۇ. جانىۋار ئۇي دەردىم ئىچىمدە دېگەندەك، كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپتۇ. دېخان

پەملىمەي قىلغان ئىشىغا پۇشمان قىلىپ، بىر ئۇ ياققا، بىر بۇ ياققا ژۈگرەپ، بىر پارچە ئەسكى كىگىزنى تېپىپ، قان ئېقىۋاتقان يەرگە كۆيدۈرۈپ بېسىپ، ئۈستىدىن لاتا بىلەن مەككەم تېڭىپ قويۇپتۇ.



دېخاننىڭ خوتۇنى ئۇينىڭ مۈڭگۈزى كالتەك بىلەن تەڭلا يەرگە چۈشكەندە، تەشتىگى ئېسىغا چۈشۈپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن ئىكەن: بېرىپ تەشتەكنى قولىغا ئاپتۇدە; «ۇينىڭ مۈڭگۈزى يامان بولدى، ئەندى قانداقمۇ قىلارمىز قوش توختاپ قالسا» دەپ چوڭقۇر ئويلىنىپ، «ۇمۇغۇ مەيلى، بار بالانى تەرگەن سەن خوتۇن دەپ، ھېلىقى كىشى ئۆلگىچە دۇمبالاپ ژۈرمىسە بولاتتىغۇ»، دەپ قايغۇ ئىچىدە ئېرى تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئېرىنىڭ يېنىغا يېقىنلىشاي دېگەندە، ئېرىغا قارىسا، ئېرىنىڭ رەڭگى-رويى ھازىرلا قار-يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇرغىدەك; خوتۇن ئېرىنىڭ بۇ پەيلىدىن قورقۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا بىر دەسسەپ، ئىككى چامداپ كەپتۇ. ئەندىشىدە خىيالى تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن خوتۇن نېمە قىلارىنى بىلمەستىن، ئۆرىلا تۇرۇپ قاپتۇ. ئېرى خاپىلىق بىلەن ساڭگىلىتىپ ئولتارغان بېشىنى كۆتىرىپ:

— ھوي، ھاڭۋاقتى، بولساڭچۇ، قوساق ئېچىپ ئۆلەي دېدىغۇ كىشى، — دەپ خوتۇننى بىر مۇنچە جونۇپتۇ. خوتۇن تەشتەكنىڭ ئاغزىدىكى ئورالغان لۆڭگىنى يېشىپ قارىسا، تەشتەكنىڭ ئاغزى بىلەن تەڭ تېزەك تۇرغىدەك: بۇ ئالامەتنى كۆرگەن خوتۇن «ۋاي، ئۆلدىمەي» — دەپ پېشانىسىغا بىرنى ئۇرۇپتۇدە، ئۇنىڭ بېشىدىن بىر قاپاق سوغ سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ، تۇرغان جايىدا تاشتەك قېتىپ قاپتۇدەك.

بېچارە خوتۇن تەشتەكنى كۆتىرىپ كېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىچىگە قارىمىغان ئىكەن. ئۇ بۆدۈننى تۇتىمەن دەپ، قوغلان ماڭغاندا، ئېرىقنىڭ ئىچىدە ماراپ ياتقان تۈلكە بىلەن بۆرە مانتىنى تويغىچە يەپ، ئېشىپ قالغانلىرىنى بۆلۈشۈۋېلىپ، تەشتەكنىڭ ئىچىگە ئاغزى بىلەن تەڭ ئات تېزىگىنى تولتۇرۇپ قويغان ئىكەن. «بېگىسى سېزىپ قالمىسۇن» دېگەندەك قىلىپ، تەشتەكنىڭ ئاغزىنى ئاۋالقىدەك لۆڭگە بىلەن ئوراپ قويۇشۇپتۇ.

خوتۇن ھوشىنى ژىغىپ ئەتراپىغا قارىسا، ئالدىدا تۇرغان ئېرى يوقتەك. ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىغىدەك بولسا، ئېرى ئۇيىنى يېتىلەپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقىدەك. خوتۇن نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىگىنى ئويلاپتۇ-ويلاپتۇ، ئۇ ئۆرە تۇرۇپ «ۋۇھ» دەپتۇ، «اھ» دەپتۇ. ئاخىرىدا «ۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا» — دەپ، ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىپتۇ.

ئەر-خوتۇن ئىككىسى خاپىلىق بىلەن ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، ئۆتكەن ئىشنى تەگىشىپ بىر-بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاجرىشىپ كەتتىمۇ، ياكى «ۆتكەن ئىشقا سالىۋات»، — دەپ يەنە ئاۋالقىدەك ئۆي تۇتۇشۇەردىمۇ، ئۇنىڭ تېگى-تەتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەن كىشى بولماپتۇدەك.

بۆدۈنە مەسلىھەت قىلغان جايىغا كەلسە، تۈلكە بىلەن بۆرە ئېشىپ قالغان مانتىلارنى ئالدىغا قويۇشۇپ، كۈلۈشۈپ ئولتارغىدەك. خوشاللىق بىلەن تۈلكە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— يارايسەن، دوستۇم، يارايسەن! — دەپ بۆدۈنىنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ كېتىپتۇدەك. بۆرىدە بولسا، رەخمەت-تازىممۇ يوق، چىراي ئاچماستىن ئولتارغىدەك. ئۇ ئالدىدىكى مانتىنى قىزغاڭھانداق قىلىپ بۆدۈنىگە دومسىيىپ قاراپ قويغىدەك. بۆدۈنىنىڭ ئۇچۇپ ژۈرۈپ قوسغى ئاچقان بولسا كېرەك ئەتىمالىم، مانتىدىن بىرنى ئاپتۇدە، كىچىك تۇمشىغى بىلەن چوقۇلاپ-چوقۇلاپ، ئۇششاق توغرالغان كاۋا بىلەن تۈگۈرلىشىپ قالغان جىگىتەكلەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ، ئاڭغىچە بۆرە مانتىلارنى ئالدىغا تارتىۋېلىپ، ھايت-ھۇيت دېگىچە يالماپ بوپتۇ. بۆدۈنە قارىغىدەك بولسا، مانتا تۈگەپ كېتىپتۇ، بۆدۈنىنىڭ قوسىگى تويماپتۇ، لېكىن بۆرىنىڭ بۇ ئاچ كۆزلىگىگە بۆدۈنىنىڭ ئاچچىغى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ژۇگاچلىقا ئېلىپ ئۇنچۇقماپتۇ.

بۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، بۆرە تۈلكە بىلەن بۆدۈننى توختىتىۋېلىپ:

— ئاغىنىلەر، قوسغىم ئاچقاندەك قىلىۋاتىدۇ. قوساقنىڭ ئاچقانلىغىنى ئىلگىرىرەك ئېيتىپ قويمىسام، كېيىن چىدان تۇرالمايدىكەنمەن، — دەپتۇ. تۈلكە بۆدۈنىگە قاراپتۇدە، ئۇنىڭدىن كېيىن بۆرىگە:

— راست دەيسەن، دوستۇم! قوسغىڭنىڭ ئېچۋاتقانلىغىنى ئالدىنىراق ئېيتقىنىڭ ياخشى بولدى; ئالدىنىراق مەسلىھەتلىشۋاللى، — دەپ بۆدۈننى يولنىڭ چېتىگە تارتىپ:

— دوستۇم بۆدۈنە، بۇ بۆرە بىزگە بىر بالا بولدى، بۇنىڭدا قوساق جېدىلىدىن باشقا ھېچ گەپ يوق. ئولتارسا-قوپسا يەيمەنلا دەيدۇ، — دەپتۇ تۈلكە.

بۆدۈنە تۈلكىگە يېقىنىراق كېلىپ:

— دوستۇم، بۆرىنىڭ پەيلى موشۇنداقلا بولسا، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بىزنىمۇ يەپ قويۇدىغاڭھا ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— ياق، ئالدىرىما، بۇنى جايلايمىز، — دەپتۇ تۈلكە.

— قانداق جايلايمىز؟ — دەپ سوراپتۇ بۆدۈنە.

— ھازىر ئالدىمىزغا قاراپ ماڭىمىز، بىر دۆڭدىن ئۆتۈپ توختايمىز، ئۇ يەردە ناھايىتى چوڭ ۋە ئازادە بىر باغ بار. سەن شۇ باغنىڭ ئىچىگە ئۇچۇپ كىرىسەن، كەينىڭدىنلا بۆرە بىلەن ئىككىمىز سۈڭگۈچتىن كىرىپ بارىمىز. باغنىڭ ئىچىدىكى كۈزلۈك ساپ ئۈزۈم پىشىپ ۋايىغا يەتتى. سەن باراڭغا قونۇپ تۇرۇپ ئۈزۈمنى چوقۇلاپ يەرگە چۈشىرىپ بېرىسەن، بىز ئۇنى يەيمىز، يېگەندىمۇ بۇرۇنلىرىمىزدىن ئۈزۈم يېنىپ چىققىچە يەيمىز، دەل شۇ ۋاقتىدا سەن ماڭا قارايسەن، مەن «بولدى» دەپ ئىشارەت قىلغاندا، سەن: «ۋاي ئېگىسى، باققا ئوغرى كىردى!» — دەپلا باغدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىسەن. ئەينە، شۇ چاغدا ئۇ تەييارتاپتىن قۇتۇلىمىز، — دەپتۇ تۈلكە.

بۆدۈنە تۈلكىنىڭ ئامالىنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر ئويغا چۈشۈپتۇ. بىراق ئاخىرى قانداق بولىدىغانلىغىنى

ئويلاپ، تۆۋىگە يېتەلمەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ «بۆرە شۇنىڭ بىلەن بېشىنى يەمدۇ ياكى يەنە تىرىك قالامدۇ» دەپ بۆدۈنە تۈلكىدىن سورىماپتۇ. تۈلكە بۆدۈننى ئېلىپ، بۆرىنىڭ يېنىغا كەپتۇدە، ئۇنچۇقماي يەنە يولغا راۋان بولۇشۇپتۇ. خېلە يوللارنى بېسىشىپ، ھېلىقى باققا يېتىپ كەپتۇ. بۇلار باققا قاراشسا، باغ ناھايىتى ھەيۋەتلىك تۇرغىدەك، باغنىڭ ئەتراپى ئېگىز سېپىلدەك تاملار بىلەن قورشالغان ئىكەن. بۇ ئېگىز تاملاردىن ئاتلىپ باققا كىرىشكە ھېچ قايسىسىنىڭ كۆزى يەتمەپتۇ. بۆدۈنە بولسا، ئۇچۇپتۇدە، سۈزۈلۈپ بېرىپ، باققا كىرىپ كېتىپتۇ. تۈلكە بىر ئۇ ياققا-بىر بۇ ياققا مېڭىپ بېقىپ، بىر سۈڭگۈچنى تېپىپ بۆرىنى يېنىغا قىچقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

– دوستۇم بۆرە، باققا كىرگەندىن كېيىن ئۈچ كۈنلۈك تاماقنى بىرلا يەۋالىمىز. مۇنداق قىلمىغاندا يولدا تاماق تېپىلمايدۇ. بۇ باغدىكى ساپ ئۈزۈم ناھايىتى شېرىن، قانچە كۆپ يېسەڭ، شۇنچە سىڭىۋېرىدۇ، قوساق راسا تويغاندا، بۇرنىمىزدىن ئىككى تال ئۈزۈم يېنىپ چىقىدۇ، ئۈزۈمنى شۇڭغىچە يېيىش كېرەك، بولمىسا قوساق تويغان ھېسابلانمايدۇ، – دەپ ئالاھىدە جېكىلەپتۇ. بۆرە «بولدى، يەيدىغانلا نېمە بولسا، مەن تەييار» – دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپتۇ. تۈلكە:

– دوستۇم، باغنىڭ ئىچىگە كىرگەندە تولا گەپ-سۆز قىلما. باغنىڭ ئېگىسى تۇيۇپ قالسا، ئىش چاتاققا ئايلىنىدۇ، – دەپ بۆرىنىڭ ژۈرىگىنى موجۇپمۇ قويۇپتۇ. تۈلكە بىلەن بۆرە سۈڭگۈچتىن قىسىلىشىپ باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاراشسا، باراڭدىكى ساپ ئۈزۈملەر راسا پىشىپ، مەي بولۇپ كەتكەن ئىكەن. بۆدۈنە ئۈزۈمنى چوقۇپ يەرگە چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ. مۆلدۈردەك يەرگە چۈشۈۋاتقان ئۈزۈملەرنى بولسا، بۆرە بىلەن تۈلكە نەرقىنى سورىماي يەۋېرىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بۆرە تۈلكىگە قارىسا، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىدە ئىككى تال ئۈزۈم تۇرغىدەك.

بۆرە تۈلكىدىن:

– دوستۇم، بۇ نېمەڭ؟ – دەپ سوراپتۇ.

– يادىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ؟ بايا ساڭا ئېيتمىدىممۇ، قوسىقىم تويۇپ، ئۈزۈم بۇرنۇمدىن چىقتى، – دەپتۇ.

بۆرە گەپ-سۆز قىلماستىنلا، يەردىكى ئۈزۈملەرنى ئوچۇملاپ ئاغزىغا سېلىشقا باشلاپتۇ. خېلە ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، بۆرىنىڭ قوسىقى ئۇبدان تويغان بولسا كېرەك. يەنە تۈلكىگە قاراپتۇ. تۈلكە بۆرىگە يېقىنىراق كېلىپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ «يە» دەپتۇ. بۆرە ئۈزۈمنى ئىككى-ئۈچ قېتىم ئوچۇملاپ ئاغزىغا سېلىپ ژۈتۈپ بېقىپتۇ. لېكىن ئۈزۈم ئۇنىڭ بۇرنىدىن چىقاي دېمەپتۇ. بۆرە تۈلكىگە يەنە قاراپتۇ. تۈلكە بۇ نۆۋەت:

– چاپسان يېگىن، ئېگىسى كېلىپ قالىدۇ، – دەپتۇ. ئامما بۆرىنىڭ قوسىقى بەكمۇ تويۇپ كەتكەنلىكتىن بولالماي، تۇرغان ئورنىدا يېتىپ قاپتۇ. ئەينە شۇ ۋاقىتتا بۆدۈنە تۈلكىگە قارىغان ئىكەن، تۈلكە ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇدۇل قىلىپ تۇرۇپ، ئاغزىنى قايسايتىپ «بولدى» دەپ قويۇپتۇ. بۆدۈنە قونۇپ تۇرغان ئورنىدا ئۆزىنى جۆندەۋېلىپ:

– ۋاي ئېگىسى، باققا ئوغرى كىردى، ۋاي ئېگىسى، ئۈزۈمنى بۆرە يەپ كەتتى، – دەپ باغنى چاڭ كەلتۈرگىدەك بەش-ئالتە قېتىم ۋاقىراپتۇدە، ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆزىنى رۇسلاپ تۇرغان تۈلكىمۇ قۇيرىغىنى دىڭ تۇتۇپتۇدە، سۈڭگۈچتىن چىقىپ قېچىپتۇ. بۆرە بولسا، كۆك بېدە يەپ قارنى كۆپكەن كالىدەك پۇشۇلداپ، ئورنىدىن ئاران تۇرۇپتۇ ۋە قوسىقىنى سۆرەپ سۈڭگۈچكە قاراپ ژۈگرەپتۇ. بىراق ئۇ سۈڭگۈچكە كەپلىشىپ قاپتۇ. باغنىڭ ئېگىسى «ماھ-ماھ» دەپ تايغانلىرىنى ۋاقىرىغان ئىكەن، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان بۆرە ھازىرلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ سۈڭگۈچنىڭ ئىچىدە بىر دۈم بولۇپ بېقىپتۇ، بىر دەم ئوڭدا بولۇپ بېقىپتۇ، سۈڭگۈچتىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ. ئاخىر سۈڭگۈچنىڭ يان-يېنىنى بار كۈچى بىلەن تاتلاپتۇدە، سۈڭگۈچنى بىر ئاز كەڭەيتكەن بوپتۇ ۋە سۈڭگۈچتىن چىقىپ قېچىپتۇ.

باغ ئېگىسى ئۇزۇن بىر كۆسەينى ئاپتۇدە، جەدە بايتىلىنى ياۋداق مىنىپ، ئىككى تايغىنىنى ئەگەشتۈرۈپ، بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. بۆرە ئاللا-توۋىنى قىچقىرىپ ئۆلە-تىرىلىشىغا باقماي، ئويمان-چوڭقۇرلۇقلاردا پۇتلىشىپ ژىقىلىپ قېچىۋېرىپتۇ. قانداق قىلىپ جان ساقلاپ قېلىشىغا كۆزى يەتمىگەن بۆرە گاڭگىراپ يان باغرىغا كۆز سالسا، بىر بوۋاي قوش ھايداۋاتقىدەك. بۆرە بوۋاينىڭ قارىسىنى ئاپتۇدە، بوۋاي تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

– ۋاي بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ، ۋاي بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ! – دەپ ژۈگرەۋېرىپتۇ. بوۋاي ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا زارلاپ كېلىۋاتقان بۆرىنى كۆرۈپ، ھايداۋاتقان قوشىنى توختىتىپ، تاغارنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى بۆرىگە قارىتىپ ئېچىپ تۇرۇپتۇ. بۆرە ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ تاغارنىڭ ئىچىگە

كىرىپ جايلىشىپتۇ. بۇۋاي بولسا، ئالدىرىماستىن تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ، ئۇنى سۆرەپ بىر دالدىغا ئەكىلىپ تاشلاپ قويۇپتۇ. بۇۋاي قوشنىڭ يېنىغا كېلىشىگە باغنىڭ ئىگىسى بۇۋاينىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ:

– يېنىڭىزدىن بىر بۆرە ئۆتكەنلىكىنى كۆرەلىدىڭىزمۇ؟ – دەپ سوراپتۇ.

بۇۋاي ھېچ نېمىنى كۆرمىگەن كىشىلەردەك:

– ئۇكام، بۈگۈن سەل كېچىكتۈرەك كېلىۋېدىم، يامان ئەمەس، بىر يېرىم پۇت ئوزۇق چېچىپ بولدۇم، – دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

باغنىڭ ئىگىسى «بۇۋاينىڭ قۇلىقى ئېغىرراق بولسا كېرەك» – دەپ ئېيتىنى بىر-ىككى دېۋېتىپ، بۇۋايغا تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ:

– بۇۋاي، مەن قانچىلىك ئۇرۇق چاچقانلىقىڭىزنى سورىمىدىم، يېنىڭىزدىن بىر بۆرە قېچىپ ئۆتتىمۇ، دەۋاتىمەن؟! – دەپتۇ ئۈنلۈك ۋاقىراپ.

بۇۋاي بىر كۈلۈپ قويۇپ:

– ھەي، ئۇكام، سىلەرگە ئوخشاش ھال-ۋەقتى بار كىشىلەر يەرنى جىق تۇتمىسا، بىز كەمبەغەللەر جىق يەرنى نېمە قىلىمىز! – دەپتۇ.

باغنىڭ ئىگىسى بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ «ئىنىپ قالغان بۇۋايمۇ نېمە، كاللا دېسە پاقالچەك» دەپ ژۈرمەمدۇ! – دەپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا يېنىپ كېتىپتۇ. باغنىڭ ئىگىسى خېلە ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن، تاغارنىڭ ئىچىدىكى بۆرە:

– بۇۋاي، ئەندى تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەت، چىقىۋالاي! – دەپتۇ.

بۇۋاي تاغارنىڭ ئاغزىنى يېشىۋەتكەندىن كېيىن، بۆرە چىقىۋېلىپ، رەخمەت-تازىممۇ دېمەپتۇ. بۇۋاينىڭ قوشقا قېتىقلىق ئۇيلىرىنىڭ ئالدى-ھەينىگە ئۆتۈپ:

– بۇۋاي، قورسىقىم ئاچتى. ئۇيلىرىڭدىن بىرىنى يېمىسەم بولمىدى. قايسىسىنى يېسەم بولىدۇ؟ – دەپ بۇۋايغا قاراپتۇ.

بۇۋاي بۆرىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ:

– ئۇيىمدىن بىرىنى يېسەڭ، دېخانچىلىقىمنى قانداق قىلىمەن؟ – دەپتۇ. بۆرە بۇۋاينىڭ جاۋاپ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزىچە قىزىرىپ-تاتىرىپ:

– دېخانچىلىقىڭ بىلەن نېمە كارىم. قورسىقىم تويسا بولدى، – دەپتۇ بۆرە. بۇۋاينىڭمۇ جۇدۇنى تۇتۇپ:

– ئۇينى يەيدىغان ھەددىڭ يوق، ۋاپاغا جاپا، دېگەن شۇكەندە، – دەپتۇ بۆرىگە ئاچچىقى كېلىپ:

– ئۇيىڭدىن بىرسىنى يېگىنىم يېگەن، – دەپ بۆرە قوش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇۋاي تۇرغان ئورنىدىن قوزغىلىپتۇدە، قەھرى-زەرى بىلەن كەتمەننى قولىغا ئېلىپ:

– ئۇينى يەيدىغان ھەددىڭ ئەمەس! – دەپ بۆرىنىڭ ئالدىنى توساپتۇ. بۆرە بۇۋاينى كۆزگە ئىلمىغاندەك، ئاغزىنى كەپشەيتىپ ئۇي تەرەپكە مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا، بۆدۈنە بىلەن تۈلكە ماجرانىڭ ئۈستىگە كېلىپ قاپتۇ. تۈلكە:

– ھوي، دوستۇم! بارمۇسەن، ئەھۋالىڭ قانداق، قانداق قۇتۇلدۇڭ؟ – دەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. بۆدۈنىمۇ بۆرىدىن ھال-ەھۋال سوراپتۇ. بۆرە بېشىدىن ئۆتكەن ۋاقىەنى باشلاپتۇ. بۇۋاي بولسا، قوشۇمىسىنى قاتتىق تۈرۈپ، كەتمەننى تۇتقان ھالدا، بۆرىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپتۇ. بۆرىنىڭ سۆزى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، تۈلكە گۈلۈيۈپ سۆزگە كىرىشىپتۇ:

– دوستۇم، بۇ سۆزۈڭگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، تاغارنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋېلىپمۇ شۇ بالا-قازادىن قۇتۇلغىلى بولامدېكەن؟ ئىككى تايغان كەينىڭدىن يولۋاستەك قوغلاپ كېلىۋاتسا، باغ ئىگىسى ئىزىڭدىن قالماي قوغلىسا، سېنىڭ قەيەرگە مۆكۈۋالغىنىڭنى كۆرمەي قالامدۇ! – دەپتۇ. بۆرە تۈلكىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئۇ ياققا-بۇ ياققا ئۈچ-تۆرت قېتىم مېڭىۋېتىپ:

– مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمەمسىلەر، قانداق قىلىپ قۇتۇلغۇنىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇۋاي ئەينە، قاراپ تۇرىدىغۇ، سوراپ كۆرمەمسىلەر، – دەپ ئۆكۈپتۇ.

– ياق-ياق، بۇ گەپلىرىڭگە زادى ئىشەنگىلى بولمايدۇ، – دەپ قوپۇپتۇ تۈلكە بۆرىنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇپ، بۆدۈنىمۇ شۇنداق دەپتۇ.

– ئەگەر گېپىڭ راست بولسا، – دەپتۇ تۈلكە بىلەن بۆدۈنە، – شۇ ئامالىڭنى بىزگە ياڭلىۋاشتىن كۆرسىتىپ باققىنا، – دېگەن ئىكەن، بۆرە ئولتارغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇدە، ئۇنچۇقماستىن سوكۇلداپ مېڭىپتۇ ۋە خېلە

بىر يەرلەرگە بېرىپ قايتىپ ژۇگرىمەكچى بولغان ئىكەن، تۈلكە:

– هوي، دوستۇم، ژىراغىراق يەردىن ژۇگەرمەمسەن، يېقىن يەردىن ژۇگرىسەڭ نېمە قىزىقى بولىدۇ!
– دەپ ۋاقىراپتۇ. بۆرە ئارقىسىغا يېنىپ يەنە مېڭىپتۇ. بۆرىنىڭ قارىسى كۆزدىن ژۇتكەندىن كېيىن، خاپىلىق بىلەن تۇرغان بوۋاي بۆرە بىلەن بولغان ماجرانى تۈلكە بىلەن بۆدۇنىگە ئېيتىشقا باشلاپتۇ. تۈلكە بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

– بوۋاي، بۆرىنىڭ ساڭا قىلغان بېۋاپالىقىنى كۆرۈپ تۇردۇق. ئەندى پەيتى كەلدى. ئەپلەپ تۇرۇپ بۆرىنىڭ جاجىسىنى بېرىشىنىڭ چارىسىنى قىلمامسەن؟ – دەپ تۇرغان ئارىلىقتا بۆرە دوڭغاسلاپ چىقىپ كەپتۇدە، بوۋايغا قاراپ:

– ۋاي، بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ... تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ! – دەپ ۋاقىراپتۇ. بوۋاي تاغارنىڭ ئاغزىنى يوغان كېرىپ، بۆرىگە قارىتىپ تۇرۇپتۇ. بۆرە كېلىپ تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. بوۋاي «هىم» – دەپ چىشىنى-چىشىغا بېسىپتۇدە، ئاغامچىنى قولىغا ئېلىپ، ئاۋالقى قېتىمدا تاغارنىڭ ئاغزىنى ئىككى قات قىلىپ باغلىغان بولسا، بۇ نوۋەت تۆرت قەۋەت بوغۇپتۇ.

– خوش، قولغا چۈشتۈڭمۇ، ئۇينى يەيدىغان هەددىڭ ئەمەس، دېمەيمەندىم، – دەپتۇ بوۋاي.

– بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى يېشىۋەت، چاپسان بول، – دەپ، بۆرە بىر دەم مەمەدانىلىق بىلەن ۋاقىراپ بېقىپتۇ. بوۋاي كۈلۈپ، ئۇنچۇقماي جىم تۇرۇپتۇ. بۆرە ئۆزىچە يەنە ۋاقىراپ بېقىپتۇ، لېكىن بۆرە تاغاردىن چىقىشىنىڭ هېچ بىر ئىلاجىسىنى تاپالماپتۇ. بۆدۇنە بىلەن تۈلكە ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكىدەك كۈلۈشۈپتۇدە، بوۋايغا قاراپ:

– بوۋاي، بۆرىنىڭ ئەدىۋىنى كېلىشتۈرۈپ بېرەرسەن، – دەپ بۇ جايدىن كېتىشىپتۇ. بوۋاي بۆرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن غەزىۋى ئەرلەپ، ئۇنى كەتمەن بىلەن سالغىنى تۇرۇپتىكەن، ئايهاي، بۆرە دۇنياغا كەلگىنىگە مىڭ دات دەپتۇ. بوۋاي هېرىپچارچاپ تاغارغا قارىسا، بۆرىنىڭ پۇت-قوللىرى كۇكۇم-تالقان بولۇپ، ئۇنىڭ تېنى بىر تۇلۇمغا ئوخشاپ قاپتىدەك. بوۋاي ئۇنىڭ تېرىسىنى پىچاق تەككۈزمەستىن سويۇپ ساتقان ئىكەن، پۇلىغا بىر ئات كەپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي ژىراق-يېقىنغا پىيادە يول ماڭماس بولغان ئىكەن.

بۆدۇنە بىلەن تۈلكە ئاچ كۆز بۆرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، خېلە ئۇزۇن زامانلارغىچە بىللە ياشاپ، بىللە ئويناپ، بىللە كۈلۈپ ژۈرۈشۈپتۇ. ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە قويۇق جاڭگاللىقنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىپ ئولتىرىپ، ئۆتكەن ۋاقىەلەرنى ئەسلىشىپ، بىر-بىرىسىنى ماختىشىپتۇ. سۆزنىڭ قىزىق يېرىگە كەلگەندە كۈلۈشۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۈلكە بۆدۇنىگە:

– دوستۇم، ئىككىمىز تولىمۇ چىرايلىق ئۆتتۇق. هەممىلا جايدا ئويۇن-كۈلكە بىلەن كۈن ئۆتكەزدۇق. كۈلۈۋېرىپ زېرىكتىم. ئەندى مېنى بىر قورقۇتۇپ باقمامسەن، قورقۇش دېگەن قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي، – دەپتۇ. تۈلكىنىڭ ئۆتۈنۈشىدىن كېيىن بۆدۇنە:

– بولىدۇ، دوستۇم، موشۇ كەمگىچە سېنىڭ سۆزۈڭنى يەردە قويمىدىم. هېلى بولسىمۇ بۇ سۆزۈڭنى بەجا كەلتۈرەي. بىراق بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىسى خاپىلىق بىلەن ئاياقلىشارمىكىن دەيمەنا، – دەپتۇ.

بۇ چاغدا تۈلكە:

– ياق، دوستۇم! ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك تۇغۇلماس. ئۇ ياقلىرىدىن خاتىرجەم بول، – دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

«انداق بولسا، بوپتۇ»، – دەپ بۆدۇنە تۈلكىنى ژاڭگاللىقتا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئاسماڭها كۆتىرىلىپ، جاڭگاللىقنىڭ ئەتراپىغا كۆز سالسا، بىر ئوچى قۇشنى قولىغا قوندۇرۇپ، ئىككى تايغىنىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىق كېلىۋاتقىدەك. بۆدۇنە ئوچىنى كۆرۈپ، تۈلكىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇنى ئارقىسىغا سېلىپ جاڭگاللىقتىن چىقىپ، لويلا كوكاتلىق جايلار بىلەن ئوچىنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل ئېلىپ مېڭىپتۇ. كوكاتلىقلار تۈگەپ، داق يەرگە چىققان ۋاقتىدا ئوچى تۈلكىنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قاپتۇ. ئۇ تايغايالىرىنى قىچقىرىپ، قۇشىنىڭ بۆكىنى بېشىدىن ئېلىپ، تۈلكىگە قارىتىپ قويۇۋېتىپتۇ. ئاسماندىن قۇش، يەردىن تايغانلار تۈلكىگە قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوچى ئېتىنى بولۇشىغا چېپىپ، قىقاس بىلەن مېڭىپتۇ. بۆدۇنە دەهشەتلىك ئەهۋالنى كۆرۈپتۇدە، ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ، تۈلكە ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ جاڭگاللىققا قاراپ قېچىپتۇ. مىڭ مەشەقەتتە جاڭگاللىققا ئۇلۇشۇپتۇ، لېكىن تۈلكە جاڭگاللىققا كىرىپمۇ جان ساقلىغىدەك، ئەپلىگىرەك، جاي تاپالماي، گاڭگىراپ قاپتۇ. دەل-دەرىغى شالاڭراق يەرگە بېرىپ تۇراي دېسە، ئۈستىدە ئەگىپ ژۈرگەن قۇش ئۇنى كۆرۈۋالىدۇ. قويۇق جاڭگاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىر يەردە ياتاي دېسە، ئىككى تايغان ئۈستىدىن

چۈشۈپ باسىدۇ. تۈلكە نەگە بارسا، تايغانلار ئىز بېسىپ ئۇنى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋېرىپتۇ.
تۈلكە جاڭگاللىقمۇ-جاڭگاللىق قېچىپ ھېچ بىر دەرمانى قالماپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنىنى چىغانلار سىجاپ، ھېچ بىر ھالىنى قويماپتۇ. تەنلىرىدىن قان چىقىشقا باشلاپتۇ، تۈلكە شۇنداق قورقۇپتىكىن، ئۇنىڭ جېنى ھازىرلا بۇرنىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. بۆدۈنە بولسا، ئېگىز دوڭلاڭھان بېدىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، تۈلكىنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ ئولتىرىپتۇ.
تۈلكە ھېچ بولالماي، بۈك جاڭگاللىق يان باغىرغا ئايلىنىپتۇ، قارىسا بىر ياردا قاپ-قاراڭغۇ تۆشۈك تۇرغىدەك، تۈلكە شۇ تۆشۈككە بار كۈچى بىلەن ئېتىلىپتۇ. تايغانلارمۇ تۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن ئۈزۈلمەي، تۆشۈككە كىرىپتۇ. بىراق قاراڭغۇ تۆشۈكنىڭ نېرىسىغا بارغاندا سىغماي، قايتىپ چىقىشىپتۇ. تايغانلار شۇ ئۆپ-چۆرىدە خېلە تۇرۇپ كېيىن قايتىپ كېتىپتۇ. بىر مەزگىللەردىن كېيىن تۈلكە تۆشۈكتىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئامما ئۇ ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، ژۈرىگى سېلىپ تۇرۇپتۇ. تۈلكىنى كۆرگەن بۆدۈنە:
– دوستۇم تۈلكە، قورقۇش دېگەن قانداق بولىدىكەن؟ – دەپ كۈلۈپ سوراپتۇ. تۈلكە «ھە-ھە» دېگەن بولۇپ، بۆدۈنىگە يېقىن كەپتۇدە، چاققانلىق بىلەن ئۇنى كوپلا قىلىپ چىشلەۋاپتۇ. ۋە ئاچچىغى بىلەن:
– ھە، قورقات دېسە، شۇنچىۋالامۇ قورقۇتامسەن! ژۈرىگىم ئورنىدىن قوزغىلىپ، جان تۇمشۇققا كېلىپ قالدى. سېنى بىر چاينايكى، ئۇستىخىنىڭنى ئاسماڭھا پۇرقاي! – دەپتۇ تۈلكە غەزەپلىنىپ.
تۈلكىنىڭ ئاغزىغا تۇيۇقسىز چۈشۈپ قالغان بىچارە بۆدۈنە بىر توغرام تېنى بىلەن نىمە ئامال قىلالىسۇن. كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ:
– بوپتۇ، دوستۇم. مەن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. كەڭچىلىك قىلساڭ، ئاتا-انا، قومى-قېرىنداشلىرىم بىلەن خوشلىشىۋالاي، – دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تۈلكە قاپاقلىرىنى سېلىپ «ھە بوپتۇ!» – دەپ بۆدۈنىنى بوشراق چىشلەپ تۇرۇپتۇ. بۆدۈنە «ۋىتۋالداق، ۋىتۋالداق، ۋىتۋالداق» – دەپ ئۈچ قېتىم سايراپتۇ.
– بولدۇڭمۇ؟ – دەپ سوراپتۇ تۈلكە بۆدۈنىدىن. بۆدۈنە جىم تۇرۇپتۇ، تۈلكە يەنە تېرىكىپ:
– بولدۇڭمۇ؟ – دەپ قەھرى بىلەن سوراشنىڭ ئارىلىغىدا ئۇنى قاتتىق يۆتەل قىستاپ كېتىپ «ۋۆھھۆ» دېگەن ئېكەن، بۆدۈنە تۈلكىنىڭ ئاغزىدىن كۇرررىدە قىلىپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىراق بۆدۈنىنىڭ قۇيرىغىنى تۈلكە چىشلەپ ئۈزۈپ قاپتۇ. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، بۆدۈنىنىڭ قۇيرىغى ئەينە، شۇ كۈندىن باشلاپ چولاق بولۇپ قالغان ئېكەن.



**نان، دان، يەم ئېلىپ كەل**

بۇرۇنقى ئۆتكەن زاماندا بىر بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ دۇنيادا بىرلا بالىسى بولغان ئېكەن. ئۇنى ئىشقا بۇيرىماي، تىللىماي، ئۇرماي ئۆستۈرۈپتۇ. بىر كۈنى بوۋاي بىلەن موماي ئولتىرىپ:
– بالىمىز بىزدىن كېيىن قالسا خاراپچىلىقتا قالمىسۇن، – دەپ بالىسىنى چاقىرىپ، بالىغا ئون تىيىن بېرىپ:

– بازاردىن ئۆزۈمزگە نان، توخۇلارغا دان، ئىشەككە يەم ئېلىپ كەلگىن، – دەپتۇ.

بالا بازارغا بېرىپ، ئون تىيىڭها نان ئالاي دېسە، دان بىلەن يەمگە يەتمەيدۇ، دان ئالاي دېسە، نان بىلەن يەمگە يەتمەيدۇ، يەم ئالاي دېسە، نان بىلەن داڭها يەتمەيدۇ. نېمە ئالارىنى بىلمەي، ئويلاپ-ويلاپ تاپالماي بىر قوغۇن سېتىۋاتقان بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتىرىپتۇ. ئويغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى قوغۇنچى بوۋاي كۆرۈپ «دەردى بولسا كېرەك»، – دەپ ئويلاپ، بالىدىن:

– هوي، بالام، نېمانچىلا ئويلىنىپ كەتتىڭ؟ – دەپ سوراپتۇ.

– ماڭا ئاتا-انام ئون تىيىڭها ئۆزۈمزگە نان، توخۇلارغا دان، ئىشەككە يەم ئېلىپ كەلگىن دىگەن، مەن نېمە ئالارىمنى تاپالمايۋاتىمەن، – دەپتۇ.

بوۋاي بالىگا يوغان بىر قوغۇن بېرىپ:

– مە، مونۇ قوغۇننى ئاتا-اناڭغا ئاپىرىپ بەرگىن، يەپ باقسۇن، – دەپتۇ.

بالا قوغۇننى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئاتا-انىسىغا:

– مونۇ قوغۇننى سىلەرنى يەپ باقسۇن دەپ بىر قوغۇنچى بوۋاي بەردى. سىلەرنىڭ بۇيرۇغىنىڭلارنى تاپالمىدىم، – دەپ تىيىننى بېرىپتۇ.

– قوغۇنچى بوۋاي هېچ نېمە ئېيتمىدىما؟ – دەپتۇ بوۋاي.

– ياق، ئېيتمىدى.

– بىر قوغۇن بازاردا قانچە تۇرىدىكەن؟

– ئون تىيىن.

بالا، ئاتا-انىسى ئۈچى قوغۇننى يەپ تويۇپتۇ. بوۋاي بالىغا:

– تويدىڭمۇ؟ – دەپتۇ.

– هېچ قاچان مۇنداق تويمىغان، – دەپتۇ بالا.

– قوغۇننىڭ ئۇرۇغىنى توخۇلارغا بېرىپ، شاپىغىنى ئىشەككە بەرگىن، – دەپتۇ بوۋاي.

بالا قوغۇننىڭ ئۇرۇغىنى توخۇلارغا، شاپىغىنى ئىشەككە بېرىپتۇ.

– ئەندى ئون تىيىڭها ئۆزىمىزگە نان، توخۇلارغا دان، ئىشەككە يەم ئېلىپ كېلەلەمسەن؟ – دەپتۇ دادىسى.

بالا ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئون تىيىنلىق بىر قوغۇڭها ئۆزى، ئاتا-انىسى، توخۇلىرى، ئىشىگىنىڭ تويغانلىغىغا هەيران بولۇپ، «ەكىلىمەن» دەپ بېشىنى ئىغىتىپتۇ.



**نېمىشكە كۆلدە ئىغنايدۇ؟**

قېدىمىي زاماندا ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئىچىدە غوجايىنلىقنى ئېلىش ئۈچۈن تالاش-تارتىشلار بولغان ئېكەن. ھەممىسى ئۆزىنى ماختاپ، ئۆزىنى غوجايىنلىققا سايلاپتۇ. ھەر قايسى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئېيتىپ چىقىپتۇ.

تۆگە:

– مەن سىلەرگە غوجايىن بولىمەن، چۈنكى ئادەملەر مېنى ئەڭ ئېغىر يوللارغا سالىدۇ ۋە ئۇرغۇن ژۈك ئارتىدۇ. چىسىز قۇملۇق چۆللەردە ئۇسسىماي، ئىسسىماي، كېتىۋېرىمەن. ژۇڭۇمدىن ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى توقۇپ، گۆشۈمنى يەيدۇ، – دەپتۇ.

ئات:

– ياق، مەن بولۇشىم كېرەك. مېنى مىنىپ كۆكۆل ئاچىدۇ. ئۇلارغا چىقىدۇ، بەيگىلەردە بولىدۇ، ئۇرۇشلارغا كىرىدۇ، ژىراق يوللارغا چىقىدۇ، ژۈكلەرنى توشۇيدۇ، سوقىغا قاتىدۇ، گۆشۈمنى يەيدۇ، مېنىڭ خىزمىتىم ھەممىڭلارنىڭكىدىن ئۇرغۇن.

كالا:

– مېنىڭ سۈتۈمنى ئىچىدۇ، گۆشۈمنى يەيدۇ، تېرەمدىن تاسمىلارنى ياسايدۇ. مەن بولىمەن.

ئېشەك:

– مېنىچۇ؟ – مېنى مىنىدۇ، هارۋۇلارغا قاتىدۇ، ئۇرغۇن ئىشلىتىپ، سىلەردىن ئاشقان چۆپلەرنى بېرىدۇ، ئۆيدە ئىشلىتىشكە مەن قولايلىق. غوجايىنىڭلار مەن.

قوي:

– گۆشۈم ھەممىڭلارنىڭكىدىن ياخشى، ژۇڭۇمنى ئېسىل نەرسىلەرگە ئىشلىتىدۇ، مەن غوجايىن.

ئىشت:

– ئادەملەر مېنى ياخشى كۆرىدۇ. مېنىڭ بىلەن ئولارغا چىقىدۇ، ئاتالمىغان نەرسىلەرنى قوغلاپ تۇتىمەن، ئۆز بىلەن ياتنى بىردىن ئاجىرىتىمەن، ئوغرىلار مېنىڭدىن قورقىدۇ. مېنىڭ ئادەملەرگە ياردىمىم ئۇرغۇن. ئۆزلىرىدىن ئاشقان تاماقنى ماڭا بېرىدۇ، ھەممىڭلاردىن سەزگۈرمەن. كېچە-كۈندۈز كۈزەتتە تۇرىمەن. ماڭا بېقىنىسلەر.

مۆشۈك:

– مەن بولىمەن، چۈنكى ئادەملەرنىڭ يامان دۈشمىنى بولغان چاشقانلارنى يوقىتىمەن.



چاشقان:

– ئادەملەر تەييار قىلغانلارنى يەيمەن. بۇغدايلارنى ئوغرىلاپ، ئۇنلارنى يەيمەن، چىشىم ئۆتىدىغان ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى بىر دەمدىلا يوق قىلىمەن. ئادەملەر مېنىڭدىن قورقىدۇ. تەييارنى يېگەندىكى، مەن غوجايىنىڭلار، – دەپ تالىشىپتۇ.

ئۇلار تالىشىپ-تالىشىپ ھەر قايسىسى ئۆزىنى ماختاپ، بىر-بىرىنىڭ سۆزىگە كىرمەي ئۈچ كېچە، ئۈچ كۈندۈز تالىشىپ، تۆرتىنچى كۈنى كەچ كىرىپتۇ. ئاخىرى چاشقان:

– ئەتىگەنلىككە كىم كۈننىڭ چىقىشىنى بىرىنچى كۆرسە، شۇ غوجايىن بولسۇن، – دەپتۇ.

بۇنىڭغا ھەممىسى رازى بولۇپ، تىزىلىپ، كۈننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتىرىپتۇ.

يېرىم كېچىدىن كېيىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. ئۇخلىمىغان ئېشەك، ئىشت، چاشقانلا ئىكەن. تاڭ سۈزۈلگەندە ئىشت ئۇخلاپتۇ. كۈننىڭ قىزىل شولىلىرى كۆرۈنگەندە ئېشەك ئۈگدەپ، سېرىق شولىلار كۆرۈنگىچە ئۇخلاپ كېتىپتۇ. چاشقان تۆۋەندە تۇرۇپ ھېچ نېمىنى كۆرەلمەي، ئېشەكنىڭ قۇلىقىنىڭ ئۇچىغا چىقىۋېلىپ، كۈن چىقىدىغان ۋاقىتتا خوشال بولىدۇ. ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ژۈگرەپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئېشەك ئويغىنىپ كېتىپ، بېشىنى بىر سىلكىگەندە، چاشقان دومىلاپ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئېشەك ئۆلتەرمەكچى بولۇپ قوغلاپتۇ. چاشقان قېچىپ-قېچىپ كۆل تۆكۈلگەن يەردىكى بىر تۆشۈككە كىرىپ كېتىپتۇ. ئېشەك ئۈستىدىن ئېغىناپتۇ. ئۇ ۋاققىچە كۈن چىقىپ كېتىپ، كۈننىڭ ئىسسىغىدىن باشقىلار بىر-بىرلەپ ئويغىنىشقا باشلاپتۇ. شۇ كۈندىن بېرى ئېشەك كۈلنى كۆرسە، چاشقان بار دەپ كۈلدە ئېغىنايدىغان بولۇۋاپتۇ.

## تەكەببۇر سېغىزغان

زامانلارنىڭ زامانىدا، دۇنيانىڭ شەرىق تامانىدا، يەتتە تاغدىن ئۆتكەندە، يەتتە دەريا كەچكەندە، بۇ يەرلەردىڭ نېرىدا، ئۇچار قۇشلار يېرىدە، ئۈستى يېشىل تاغلىق، ئاستى گۆزەل باغلىقتا ياشايدىكەن تۈرلۈك-تۈمەن قۇش، ئۆتىدېكەن ۋاقتى چاغ ھەم خۇش. كۆكسى-قارنى توق ئېكەن، ھەر ئىشقا تەييار ئېكەن، دوستقا ۋاپادار ئېكەن، تاۋۇس قۇش شاھپەر ئېكەن، توتىقۇش ۋەزىر ئېكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنلىرى، گۆزەللىك مەپتۇنلىرى قۇشلار ئۆز مەيلىدە ژۈرگەن چاغدا سەيلىدە، قىزىغاندا تاماشە، شاھ كۆڭلىگە سىپ ئەندىشە، شاھقا خەۋەر كەپتۇ بىر، بايان ئەيلەپتۇ ۋەزىر: بەزىلەرنىڭ سۆزىچە، كۆرگەنلەرنىڭ كۆزىچە، كەپتۇ بىر قۇش بېچارە، شاھقا ئېيتىپ ئەرىزە. ئەھۋالى بەكمۇ يامان، چىرايى ئۇنىڭ سامان «ەرىزەمنى تىڭشىسا شاھ، دەردىمگە قىلسا داۋا»، – دەپ يەتكۈزۈپ ئويىنى، قىسىپ تۇرارمىش بويىنى.

شاھ تاۋۇس قۇش شۇ چاغدا:

– ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈڭلار، بارچىغا خەۋەر قىلىڭلار! – دەپ بۇيرۇپتۇ.

چاپارمەنلەر ھەر يان چېپىپتۇ، خەۋەرنى ھەممىگە ئېيتىپتۇ، ئولتارغانلار تۇرۇپتۇ، تۇرغانلار شاھ ئەمرى بويىچە ژۈگرەپتۇ، شاھ دەرگاھىنى قۇچۇشۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بارچە قۇشلار تەييار بولۇپتۇ، مەيدان ئىچى تولۇپتۇ. قۇشلار قارىسا بىر چەتتە بىر بېچارە قۇش، ژۈرەك-باغرى پارە-بېھوش، كۆزى قان-ياشقا تولغان، كۈچ-ماغدىرى قۇرۇغان ھالدا تۇرۇپتۇ.

شاھ مىنبەرگە چىقىپ، ئوڭ-سولىغا بېقىپ ئەشۇ بېچارە قۇشقا چۈشۈپتۇ كۆزى ۋە شۇنداق بوپتۇ ئېيتقان سۆزى: ئېيتقىن، قېنى ئاھىڭ، بىزنى دەپ بىل پاناھىڭ! ئېيت بىزگە ناتونۇش سەن، ئۆزەڭ قايسى قۇشسەن؟ ئەھۋالىڭنى بىلەيلى، ساڭا رەھىم قىلايلى.

– مەن بىر مۇساپىر ژىتىم، سېغىزغاندۇر مېنىڭ ئېتىم. ئاتاممۇ يوق، ئانامموۇ يە يۆلەكچى پانامموۇ. كۆپلەرگە مەن سېتىلدىم، قايغۇ-غەمگە چېتىلدىم، زەھەر-زوققۇم ئېشىمدۇر، يېگىنىم قۇم-تېشىمدۇر. ئۇچرىدىم بۇلاڭ-تالاڭغا، تېنىم بويالدى قاڭھا. يالغۇز ژىتىم شۇ ئېكەن، قىلچە قەدرىڭ يوق ئېكەن. ماڭا رەھىم قىلساڭلار، سىلەرگە مەڭگۈ ھۆرمەتتە ئۆتەي، بەلكى خىزمەتتە ئۆتەي، – دېگەن سېغىزغان دادىغا، چىدالماي ئۆتمۈش كېپ يادىغا، كۆپ قۇشلار ژىغلاپ تۆكۈپ ياش، ئېگىشىپ تۆۋەگە باش:

– بولايلى يۆلەك، – دەپتۇ. – نېمىسى بار بىزدىن بۆلەك، – دەپتۇ. شاھنىڭ ئەمرىنى كۈتۈپتۇ، ۋەزىر ئالغا ئۆتۈپتۇ، شاھ بۇيرۇغىنى ئوقۇپتۇ.

– بوۋايلاردىن شۇنداق گەپ قالغان: «ەل ھىممىتى دەريا» – دەپ قالغان. ياردەم بېرىڭلار قېنى پات،

ھەر بىرىڭلار بىردىن پەي، قانات. سىغىزغان بىزگە ئەل بولغاي، توققۇزى تەل بولغاي، كۆزىدىن ياش قۇرۇسۇن، بېشى ئوڭشالسۇن، — دەپتۇ.

شاھ، ۋەزىردىن باشلاپ قۇشلار بىردىن پەي، قانات تاشلاپتۇ، سىغىزغان قەددىنى رۇسلاپتۇ. ئۇ ئەلگە رەخمەت ئېيتىپتۇ، بېشى كۆككە يېتىپتۇ. سىغىزغان ئۆزىنى رۇسلاپ، قانات-قۇيرۇغىنى دۇرۇسلاپ، توققۇزى تەل، ئارزۇلىرى ھەل بولۇپ ژۇرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا قارغا كېلىپ، بىر دالدىغا تارتىپ، غولىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئەينەكنى قولىغا تۇتقۇزۇپ، شۇنداق دەپتۇ: «قارا، دوستۇم، ئۆزەڭگە، ئىشەنسەڭ گەر سۆزۈمگە، سەندىكى بۇ قامەت باشقىسىدا يوق. قۇشلار ئىچىدە ھەممىسىدىن گۆزەللەرنىڭ بىرسەن، شاھ تاۋۇس، ۋەزىر توتى ئالدىڭدا ھېچ ئەمەس».

سىغىزغان قايناپ، تىلىنى چايناپ: «تىلىڭغا ناۋات ئاداش، موشۇمۇ بولامدۇ ياشاش!» دەپ ئەينەككە يەنە بىر قاراپ، ئۆزىنى ژۇيۇپ-تاراپ، ئۇنتۇپ كۆرگەن كۈننى، كۆتىرىپتۇ بۇرنىنى.

سىغىزغان راسا گېدىيىپ، كۆزلىرى گىرتىيىپ، كۆزىگە ھېچ كىمنى ئىلماي، ئىززەت-ھۆرمەتمۇ قىلماي: مەن ئاكاڭ قارىغاي، مېنىڭدەك كىم سايرىغاي، مەن ھۆسۈن-چىرايغا باي، دەپ جاھاننى تار كۆرۈپ، ياخشىلىق قىلغانلاردىن ئۈز ئۆرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، سىغىزغان، غاۋغا-چۇقان كۆتىرىپ، ئاچچىق-اچچىق يۆتىلىپ، ئۇ يان-بۇ ياڭھا قاراپ، قۇيرۇغىنى تاراپ-تاراپ «شاھتىن مەن ھېچ كام ئەمەس، شاھ مېنىڭدىن ئەسلا پەس» دەپ شاھ ئالدىدا تۇرۇپ، كۆكسىگە ئۇرۇپ:

— ھەي، بېەدەپ تاۋۇسۋاي، تېلەتى سوغ شۇم چىراي، شاھ تەختىنى ماڭا بەر، بار بەختىنى ماڭا بەر، بولمىسا بولىسەن مېنىڭ قولۇمدا يەر، — دەپتۇ.

شۇنداق كۈننىڭ بىرىدە شاھ تاۋۇس ژىغىپ ئەس-ھوشىنى: «ژىغىلىڭلار!»— دەپتۇ. بارلىق قۇش كەپتۇ، بارلىق ئۇچار قانات تىڭشاپتۇ، شاھقا قاراپ. شاھ يېقىندىن سۆز باشلاپ، ئەتراپقا كۆز تاشلاپ، سىغىزغاننىڭ ۋاپاسىزلىغىنى ئېيتىپتۇ، بۇ ئىشقا قۇشلار ھەيران بولۇپ، كۆتىرىپتۇ چۇقان. دەپتۇ:

— مۇناپىق سىغىزغان، يوق ئۇنىڭدا نومۇس-ىزا، بېرىلسۇن ئاڭا جازا! — جازا شۇ، — دەپتۇ شاھ، — ھەر كىم بولسۇنكى ئاگاھ، ھەر قۇش بەرگەن پەي، قانىتىنى ئالسۇن تېز! — قۇشلار سىغىزغاننى ئېلىپ ئارىغا، تېنىنى پاتۇرۇپ يارىغا، بىرسى نوقۇپ، بىرسى چوقۇپ، قاناتلىرىنى ئاپتۇ، سىغىزغان يالاڭ قاپتۇ، قېچىپتۇ شۇ چاغ، ئۇ باش ئېلىپ، كۆزىگە جىق ياش ئېلىپ.

ئەي، بالىلار، بالىلار، بۇ چۆچەكتىن ئىبرەت ئېلىڭلار، تەكەببۇرلىقنىڭ ئاقىۋىتى يامان ئېكەنلىگىنى بىلىڭلار!

## تاي بىلەن بالا

بۇرۇن بۇرۇندا، تېرىق تۇلۇمدا، ژىتىم بۇلۇڭدا چاغدا بىر ئەر-ايال ياشاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىردە-بىر ئارزۇلۇق ئوغلى بار ئېكەن. ئۇ بالىسى زېرەك، تۇيغۇن، سۆزگە ئۇستا، ئەقىللىق ئېكەن. ئاتا-انىسى بالىسىنى شەھەردىكى مەدرىسىلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇتۇپتۇ. مەدرىسىدە ئاز كۈن ئوقۇپلا، بارلىق بالىلاردىن ياخشى ئوقۇپ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، كۆپ ئۆتمەيلا، دادىسى باشقا ئايالغا ئۆيلىنىۋاپتۇ.

بىر كۈنى دادىسى بالىسىغا ئات ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ، بازارگا بېرىپ ئات تاللاپتۇ. ئاتا-بالىغا شۇنچىلىك ياخشى ئاتلار ئۇچراشىما، بالىسى ئۇلارنى ياراتماي، ئۈچىنچى كۈن دېگەندە ئۇلارغا ئورۇق چاپاق بىر تاي ئۇچرىشىپتۇ. بالا شۇ تاينى ئالىمەن دېگەندە، دادىسى دەسلەپ ئۇنىماپتۇ، لېكىن بالا ژىغلاپ تۇرىۋالغانلىقتىن، يالغۇز ئوغلىنى قىيالماي، تاينى بالىسىغا ئېلىپ بېرىدۇ. بالا خوشال ئۆيگە كېلىپ، تاينى كۈن كۆرسەتمەي قىرىق بىر كۈن باققاندا، ئۇ ئەجايىپ بىر تۇلپار بولۇپ چىقىپتۇ.

بالا چوڭ بولغانسىرى ئۆگەي ئانىنىڭ بالىغا نەپرىتى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپتۇ. ئاخىرى بالىنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

بالا كۈندە مەدرىسىدىن ياڭھاندا تاينى يوقلاپ، ئاندىن ئۆيىگە كىرەتتېكەن. بىر كۈنى ئادىتى بويىچە تاينىڭ يېنىغا كىرسە، ئۇ ژىغلاپ تۇرغان ئېكەن.

— نېمە بولدى؟ نېمىگە ژىغلايسەن؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ، بالا.
تاي:

— بۆگۈن ئۆگەي ئاناڭنىڭ پەيلى بۇزۇلدى. سېنى ئۆلتۈرىشىڭنىڭ كەينىگە كىردى. بۆگۈن ساڭا ئاتاپ ئوغا سېلىپ مانتا ئېتىپ قويدى، سەن ئۆيگە كىرگەندە ئۆگەي ئاناڭ خوشال بولۇپ «مانتا يە!» — دەپ بېرىدۇ. سەن «تالادا يەيمەن»، — دەپ تالاغا ئاچىقىپ، قاسساپ خوشناڭلارنىڭ ئىشتىغا بېرىۋەت. شۇندىلا سېنىڭ ھاياتىڭ ساقلىنىپ قالىدۇ، — دەپ ئۆگىتىدۇ. دېگەندەك، بالا ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، ئۆگەي ئانىسى خوشاللىق بىلەن بالىسىغا:

— ساڭا مانتا ئېتىپ قويغان، مانا يە، — دەپ ئېلىپ قويغان مانتىنى بەرگەندە، بالا:

— ئۆيىنىڭ ئىچى ئىسسىقكەن، تالادا يەيمەن، — دەپ ھويلىسىدا ژۆرگەن قاسساپنىڭ ئىشتلىرىغا تاشلاپ بەرگەندە، ئىشتلار يەپ بولۇپلا غىڭشىپ ژىقىلىپ، قېتىپ قاپتۇ.

كۆنلەرنىڭ بىر كۆنى بالا مەدرىسىدىن قايتىپ، ئېغىلدىكى ئېتىنىڭ يېنىغا كىرسە، يەنە ئۇنىڭ ژىغلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— يەنە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىسا:

— ئاپاڭ بۆگۈن ئۆيۈڭلارنىڭ بوسۇغىسىغا ئورا كولاپ، ئىچىگە قوقاس سېلىپ قويدى، ئىچىگە چۈشۈپ كەتسەڭ ھاياتىڭ شۇ يەردە تۈگەيدۇ، — دەپتۇ ئات.

— نېمە ئامال بار؟

— سەن ئۆيگە كىرمەي تۇرۇپ ئاپاڭغا قاراپ: «بۆگۈن بىزگە موللام مۇنداق ئويۇن ئۆگەتتى» — دەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەت. چىقىدىغان ۋاقىتتىمۇ شۇنداق قىل. سېنىڭ ئورىغا چۈشمەيدىغانلىقىڭغا كۆزى يېتىپ، ئورىنى تىندۇرىۋېتىدۇ، — دەپتۇ ئات.

بالا ئۆيگە كىرسە، دېگەندەك بوسۇغىسى يېڭى سۇغالغان ئىكەن. ئۆگەي ئانا بالىنى كۆرۈپ:

— ئۆيگە كىر، بوسۇغىنى دەسسەۋەرگىن، قېتىشىپ قالدى، — دېگەندە، بالا:

ئاپا، بۆگۈن بىزگە موللام مۇنداق ئويۇن ئۆگەتتى قاراڭ، — دەپ بوسۇغىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. چىقىدىغان ۋاقىتتىمۇ شۇنداق دەپ سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن ئورىنى تىندۇرۇپ، بۇرۇنقىدەك قىلىۋەتكەندە بالىنىڭ كۆڭلى تىنىپتۇ. ئارىدا يەنە خېلە كۆنلەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بالا خېلە ئەقىلگە كىرىپتۇ. بىر كۆنى ئېتىنىڭ ژىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— بۆگۈن ئاناڭ ساڭا چاپان تىكىپ قويدى. سەن ئۇنى كىيمە. چۈنكى چاپىنىنىڭ ھەممە يېرىدە ئوغا بار. چاپاننى كوچىغا ئەپچىقىپ كۆمۈپ تاشلا، — دەپتۇ.

دېگەندەك، ئۆيگە كىرسە، ئۆگەي ئانا چاپان تىكىپ قويغان ئىكەن، چاپاننى ئېلىپ:

— تالادا كىيىمەن، — دەپ ئېلىپ كوچىغا چىقىپ، بىر ئېرىقنىڭ بويىنى كولاپ، كۆمۈپ تاشلاپتۇ.

ئۆگەي ئانا بالىنى يوقىتىشىنىڭ ھېچ ئامالىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاۋال ئاتنى يوقاتماي تۇرۇپ، بالىنى يوقىتال-مايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. بىر كۆنى ئۆگەي ئانا يالغان ئاغرىپ يېتىۋالغاندا، يولدىشى ئاتاقلىق تېۋىپلارنى چاقىرتىپ كۆرسەتسىمۇ، ھېچ قايسىسى ئاغرىقىنى تاپالمايدۇ. بىر تېۋىپ ئاغرىقىنى تاپالماي ھەيران تۇرغاندا، ئۆگەي ئانا ئۇ تېۋىپقا:

— سىز يولدىشىمغا: «ەگەر ئايالىڭىز قىرىق بىر كۈن كۈن ئۆرىنى كۆرمىگەن ئاتنىڭ گۆشىنى يېسە سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ» — دەڭ، دەپ سۆز ئۆگىتىپ، نۇرغۇن ئالتۇنلارنى بېرىپتۇ.

تېۋىپ ئايالنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى يولدىشىغا ئېيتقاندا، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئويلىنىپ قاپتۇ. يولدىشىنىڭ شۇنداق ئويلىنىپ، قىينىلىپ ژۆرگەنلىكىنى كۆرگەن ئۆگەي ئانا:

— مېنى ساقايمىسۇن دېسىڭىز، ئاتنى سويماڭ، ئەگەر مەن كېرەك بولسام، بىر ئاتنى نېمانچىۋالا ئاياپ كەتتىڭىز؟ جان بولسا ئۇنداق ئاتتىن نەچچىسى كېلىدۇ، — دەپ ئېرىنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرۇشقا باشلايدۇ.

ئاخىرى بالىنىڭ دادىسى ئاتنى سويماقچى بولىدۇ. بالا مەدرىسىدىن قايتىپ ئېتىنىڭ يېنىغا كىرسە، ئات ژىغلاۋاتقان ئىكەن. نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا:

— مەن سېنى ئۈچ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردۇم، سەن مېنى بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇر. داداڭ مېنى ئەتە سويماقچى. تېۋىپ ئاپاڭغا مېنىڭ گۆشۈمنى يېيىشكە بۇيرىدى. ئاپاڭ گۆشۈمنى يېمەكچى، — دەيدۇ تاي.

— مەن سېنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھەر قاچان تەييار، بىراق قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى ئېيتىپ بەر.

— ئەتە سەن ئوقۇشقا بارىۋەرگىن، ئامما قۇلىغىڭنى ئۆيگە تىكىپ تۇر، مېنى داداڭ ئوقۇردىن يەشكەندە

بىر كىشىنەيمەن، ئاچىققان ۋاقىتتا ئىككىنچى كىشىنەيمەن، پۇتلىرىمنى باغلىغاندا ئۈچىنچى قېتىم كىشىنەيمەن، ئەگەر ئۈچ كىشىنىگىچە ئۆيگە يېتىپ كەلمىسەك، مېنىڭدىن تامامەن ئايرىلىسەن، — دەپتۇ تۇلپار.

بالا ئەتىسى ئوقۇشقا بارمايمەن دېگىنىگە قارىماي، ئانىسى ئەۋەتىۋېتىپ، ئاتنى سويۇشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. مەدرىسىدە قەيەردىكى قۇشتەك نېمە قىلارىنى بىلمەي، مىڭ بىر ئويلارغا بېرىلىپ ئولتارغاندا، ئات ئاچچىق بىر كىشىنەپتۇ. بالا موللىسىدىن تالاغا چىقىپ كىرىشىنى سورىغاندا، موللا رۇخسەت بەرمەپتۇ. ئىككىنچى كىشىنىگەندە يەنە رۇخسەت سوراپتۇ. لەكىن موللا يەنە رۇخسەت بەرمەپتۇ. لېكىن بالا موللىسىنىڭ رۇخسىتىگە قارىماي، قۇيۇندەك ژۈگرەپ ئۆيىگە ئاز قالغاندا ئۈچىنچى كىشىنەيدۇ، بالا ئۆيگە ئېتىلىپ كىرسە، هويلىسىدا ئاتنى ياتقۇزۇپ، پىچاق سۈركىگىلىۋاتقاندا، دادىسىنىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋېلىپ، ئاتنىڭ پۇتىنى باغلىغان ئاغامچىنى كېسىپ تاشلاپ، تۇلپارغا مىنىدۇدە، ژىغىلغان خەلققە قاراپ:

— هەي، خالايىق، مېنى ئۈچ قېتىم ئۆلتۈرۈشكە تىرىشقان ئۆگەي ئانام ياخشىمۇ ياكى مېنى ئۈچ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان تېيىم ياخشىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بىرى: «بېتىڭ ياخشى» دېسە، ئىككىنچىلىرى «اناڭ ياخشى»، دېيىشكە باشلايدۇ.

بالا:

— مېنى ئۈچ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان تېيىم ياخشى، — دەپ ئاتنى بىر ئۇرۇپ، هويلىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كېتىدۇ. ئۈچ كېچەكۈندۈز ماڭغاندا ئالدىدىن بىر شەهەر كۆرۈنىپ، ئاتنى توختاتقاندا، ئات:

— مەن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بولىمەن، بىراق سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولىمەن، مابادا بېشىڭغا بىرەر ئىغىر كۈن چۈشسە، مونۇ تۈكۈمنى كۆيدەر، — دەپ تۈكىنى بېرىپ، خوشلىشىدۇ.

بالا شەهەرنىڭ بازىرىدا ژۈرسە، پادىشانىڭ يالاقچىلىرى پادىشاغا «بۇ ئوغرى زادى بىزگە كۈن بەرمەيدۇ، بايلارنى زاڭلىق قىلىپ كۈلىدۇ»، — دەپ بالىنى بېكاردىن-بېكار پادىشاغا چېقىپتۇ:

پادىشا:

— ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دېگەندە بالىنى پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغاندا: «ۋۆلتىرىڭلار» — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. پادىشانىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ بالىغا ئىچى ئاغرىپ:

— پادىشاي ئالەم، بۇ گۇناسىز ياش ژىگىتنى ئۆلتىرىش ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭدىن شەهەرنىڭ چېتىدىكى چۆلنى باغ قىلسۇن، — دېگەندە پادىشا رازى بولۇپتۇ.

ئارىدىن خېلە ژىللار ئۆتۈپ كەتكەندە، بىر كۈنى پادىشا سول قول ۋەزىرىگە:

— سەن بېرىپ هېلىقى بالىنىڭ تىرىك بولسا، نېمە قىلىپ ژۈرگەنلىگىنى، ئۆلگەن بولسا، قاچان، قەيەردە ئۆلگەنلىگىنى بىلىپ كەل، — دەپ ئەۋەتكەندە، ۋەزىر بېرىپ ئۇ يەرنىڭ شۇنچىلىك چىرايلىق باققا ئايلىنىپ كەتكەنلىگىگە هەيران بولۇپ، پادىشاغا:

— ئېي پادىشايىم، ئۇ بالا شۇنچىلىك چۆل يەرنى شۇنچىلىك چىرايلىق باگ ياساپتېكىن، هەتتا ئۇ باغ سىزنىڭ دەم ئالىدىغان ئەتىيازلىق، يازلىق، كۈزلۈك باغلىرىڭىزدىن هېچ قېلىشمايدۇ، — دېگەندە، پادىشا ئىشەنمەي، ئوڭ قول ۋەزىرىنى ئەۋەتىدۇ، چۈنكى سول قول ۋەزىرى قورققانچاق، ماختانچاق ۋە يالغانچى ئىكەنلىگىنى پادىشا بىلەتتېكەن. ئوڭ قول ۋەزىرىمۇ سول قول ۋەزىرىدەك ماختاپ كەلگەندە:

— ئانداق بولسا، قىزلىرىم ئويناپ كەلسۇن، — دەيدېكەن. پادىشانىڭ ئۈچ قىزى بېرىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن خوشال-خورام ئويناشقا باشلايدېكەن. لېكىن ئەڭ كىچىك قىزى چۆلنى باغ قىلىۋەتكەن ژىگىتنى كۆرۈش ئارمىنى بىلەن ژىگىتنى ئىزدەپ، ئاخىرى قىپ-قىزىل ئېچىلىپ كەتكەن قىزىلگۈلنىڭ ئارىسىدا ياتقان يەردىن تېپىپ، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك پادىشا قىزى قىزىلگۈلدەك دېخان ژىگىتىگە تويماي قاراپ قاپتۇ. هەدىلىرى «كېتىمىز»— دەپ چاقىرغاندا، ئاستا هەدىلىرى تەرەپكە بېرىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ژۈرىدۇ. پادىشانىڭ ئۈچ قىزى بالا ئۆستەرگەن باغنىڭ مېۋىلىرىنى «دادىمىز يېسۇن»— دەپ ياغلىقلىرىغا ئېلىۋالىدۇ. كىچىگى يەرگە چۈشۈپ، پولىشىپ قالغان ئالمىلارنى ئاپتۇ، ئىككى هەدىسى بولسا ئەڭ ياخشى پىشقان ئالمىلارنى ئېلىپ بارسا، پادىشا ئىككى چوڭ قىزىنىڭ ئالمىلىرىنى يېسە بىر-بىرىدىن تېتىقسىز ئەسكى بولۇپ، كىچىگىنىڭكىنى يېسە شۇنچىلىك ياخشى بولۇپ، پادىشا ئۆمۈرىدە ئۇنداق ئالمىنى يېگەنلىگىنى ئېسىغا چۈشىرەلمەپتۇ. ئالمىلارنى يەپ بولۇپ، «يەنە بولسا!» — دەپتۇ. ئالمىلارغا تەم كىرگۈزگەن بالىنىڭ تېپى ئىكەنلىگىنى هېچ كىممۇ بىلمەپتۇ.

بىر كۈنى پادىشا قىزلىرىنىڭ تويىنى قىلماقچى بولۇپ، «قىزلىرىم كىمنى خالىسا، شۇنىڭغا بېرىمەن» دەپ شاهزادىلەرنى ۋە باي سودىگەرلەرنىڭ باللىرىنى ژىغىپتۇ. پادىشا:

— ئەگەر قىزلىرىم ئالمىلارنى كىمگە ئاتسا، شۇنىڭغا بېرىمەن، — دەيدۇ.

ئىككى چوڭ قىزى ئالمىلارنى ياخشى كۆرگەن شاھزادىلەرگە ئېتىپتۇ، كىچىگى ھېچ كىمگە ئاتماي، تېچ تۇرغاندا، پادىشا ھەيران بولۇپ:

– ساڭا كىم كېرەك؟ – دەپ سوراپتۇ.

– باغدىكى دېخان بالىسى، – دەپتۇ قىز.

بالىنى ئېلىپ كەلگەندە، قىز ئالمىسىنى شۇنىڭغا ئېتىپتۇ. پادىشا ئۈچ كۈيوغلىغا قىرىق بىر كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. دېخان بالىسى قىزغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانلىقتىن، قىز بالىنى كېكەچمىكىن دەپ ئويلاپ ژىغلايدېكەن. بىر كۈنى بالا:

– سەن نېمشكە ژىغلايسەن؟ مەن كېكەچ ئەمەس، گەپ قىلىمەن، – دېگەندە قىز شۇنچىلىك خوشال بولۇپ، بالىنى سۆيۈپ كېتىدۇ.

قىزنىڭ دادىسى:

– سەن پادىشا قىزى تۇرۇپ، شاھزادىلەرنى ياراتماي، يوق بىر كېكەچكە تېگىۋالدىڭ، – دەپ ئۇلارغا ئات ئېغىلدىن ئۆي تۇتۇپ بېرىدۇ.

بىر كۈنى پادىشا ئۈچ كۈيوغلىنى سىنىماقچى بولۇپ، ئۇلارغا ئۈچىيى تاتلىق، گۆشى ئاچچىق قۇش ئېلىپ كېلىڭلار، – دېگەندە، ئۈچىلىسى «خوپ» دېيىشىپ چىقىپ كېتىدۇ. بالا ئاتىنىڭ تۈكىنى كۆيدۈرگەندە ئات پەيدا بولۇپ:

– بېشىڭغا نېمە غەم چۈشتى؟ – دېگەندە.

– پادىشا ئۈچىيى تاتلىق، گۆشى ئاچچىق قۇش تېپىپ كېلىڭلار دېدى، – دەپتۇ.

– سەن جاڭگالدىكى ئىككى ئاكاڭنىڭ ئوڭ مۈرىلىرىگە تامغا بېسىپ، شۇ يەردىن بىر قۇش ئېتىپ، ئۈچىيىگە ئات تېزىگى سېلىپ قوي، – دەيدۇ ئات.

بالا ئاتنى مىنىپ، شەھەرنىڭ چېتىگە چىقىپ جاڭگالدا ژۈرسە، ئىككى ئاكىسى شۇ يەردە قۇش ئىزدەپ ژۈرگەن ئېكەن. ئاتىنىڭ ئەقلىگە كىرىپ، پادىشادەك ياسىنىۋالغان بالا، ئۆزىنىڭ چوڭ ئىككى باجىسىنى چاقىرىپ، ئىككىلىسىنىڭ ئوڭ مۈرىلىرىگە تامغا بېسىپ قويۇۋېتىدۇ. كەچقۇرۇن قۇشنى ئېتىپ كېلىپ، جۇڭۇزلاپ بولۇپ، ئۈچىيىنىڭ ئىچىگە ئاتىنىڭ تېزىگىدىن تىقىپ، پىشىرىپ كەلگەن تېزەكنىما ئارىلاشتۇرۇپ چايناۋالغان پادىشا، قىزىغا تېرىكىپ:

– مونۇرىڭ نېمە؟ – دەپ ئۈچەينى قىزنىڭ ئالدىغا تاشلىغاندا قىز:

– دادا، كەچۈرىڭ، ياشاۋاتقان يېرىمىز ئات ئېغىلى بولغانلىقتىن، ئارىلاشسىما ئارىلاشقاندۇ. بىزنىڭما يەۋاتقىنىمىز شۇ، – دېگەندە، دادىسى قاتتىق ئۇيۇلۇپ، ئۇلارنى ئوردىغا كۆچۈرىدۇ.

ئىككىنچى قېتىمدا پادىشا كۈيوغۇللىرىغا يەنە باشقا شەرت قويۇپ:

– دۇنيادا ئەڭ ياخشى سايرايدىغان قۇش تېپىپ كېلىڭلار، – دەپ بۇيرۇپتۇ.

بالا يولغا چىقىشتىن ئاۋال ئاپالىغا:

– مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىمەن، سەن مېنى قارشى ئالغاندا، پۈچۈق ھېجىرىدا سۇ ئاچىقىن. مېنىڭ ياسىنىپ كېتىشىمگە قاراپ، ژىراقتىن كۆرۈپلا ئىككى ھەدەڭ: «مېنىڭ كېلىۋاتىدۇ، مېنىڭ كېلىۋاتىدۇ» – دەيدۇ. سەن تۇرۇپ «كېكەچ، مېنىڭ كېلىۋاتىدۇ» – دېگىن. ئۇلار ساڭا ئىشەنمەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا سەن ئۇلارغا: «ەگەر مېنىڭ بولسا، ئىككىڭلار ئۆلگىچە ماڭا قۇل بولامسىلەر؟» دېگىن، دەيدۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن: «كۈيوغۇللار كېلىۋاتىدۇ» – دېگەن خەۋەر كەلگەندە، پادىشانىڭ ئۈچ قىزى ئالدىغا چىقىپ قارىسا، پادىشالاردەك كىيىنىۋالغان، ئېتىنى قاراپ تۇرغىدەك ياساۋەتكەن بىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

– مېنىڭ كېلىۋاتىدۇ، – دەپتۇ چوڭى.

– ياق، مېنىڭ كېلىۋاتىدۇ، ئەينە، كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ – دەپتۇ ئوتتۇرانچىسى.

– ئىككىڭلارنىڭ ئەمەس، مېنىڭ كېكەچىم كېلىۋاتىدۇ، – دەپتۇ ئەڭ كىچىگى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچى بىر-بىرسى بىلەن تالىشىپ قالىدۇ.

– ئەگەر سېنىڭ كېكەچىڭ بولسا، ئەسكى چاپانلارنى كىيىپ، ئېشەككە قىڭغىر مىنىپ، كۆيۈپ كەتكەن كېسەككە قۇشنى ئولتارغۇزۇپ كېلەتتى، – دېيىشىدۇ ئىككى ھەدىسى.

– نەدىن بىلىسىلەر؟

– ھەر قاچان شۇنداققۇ.

– ئەگەر ئەشۇ كېلىۋاتقان مېنىڭ بولسا، ئىككىڭلار ماڭا ئۆلگىچە قۇل بولامسىلەر؟ – دەپ سوراپتۇ

كىچىگى.

– بولىمىز، – دەپ ۋەدە بېرىپ، قەسەملەرنى ئىچىشىپ كېتىدۇ ئىككى ھەدىسى.

يىقىن كېلىپ قارىسا، راست، دېگەندەك كېكەچ ئېكەن. ئىككى ھەدىسى سىڭلىسىدىن يىڭىلىپ، ئېيتقان سۆزلىرىدە تۇرىشىدۇ. ئىككىسى ھېچ نېمە تاپالماي، قايتىپ كېلىشىدۇ. پادىشا «كېكەچ» ئوغلىنىڭ ئېلىپ كەلگەن قۇشىغا رازى بولۇپ، خەلىقنى ژىغىپ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سورىغاندا، بالا مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان كۈنىدىن باشلاپ تا موشۇ سۆزنى سۆزلەۋاتقاڭھىچە بولغانلارنى بىرىنىمۇ قويماي سۆزلەپ بېرىدۇ. پادىشا ئىككى ئاكىسىغا تامغا باسقانلىقىغا ئىشەنمىگەندە:

– يالغان بولسا، ئىككىلىسىنىڭ ئوڭ مۈرىلىرىگە قاراڭ، – دەيدۇ. قارىسا، راست دېگەندەك ئۇلاردا تامغىنىڭ ئىزى بار ئېكەن. پادىشا خەلقى ئالەم ئالدىدا تەختتىن چۈشۈپ، تاجىسىنى دېخان بالىسىغا كىيگۈزۈپ، پادىشالىقىنى شۇنىڭغا بېرىدۇ. ئىككى چوڭ ھەدىسى قىزنىڭ باش كېنىزەكلىرى بولۇپ، ئىككى ئاكىسى بالىنىڭ ئوڭ قول ۋە سول قول ۋەزىرلىرى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە دېخان بالىسى ۋە پادىشانىڭ كىچىك قىزى مۇرات-مەخسىتىگە يېتىپتۇ.



## ئاخماق پادىشا

بار ئېكەن، يوڭ ئېكەن، ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشا ئۆتۈپتېكەن. بىر كۈنى پادىشا ئىككى ۋەزىرىگە:

– ماڭا ئاخماق تېپىپ بېرىڭلار، – دەپ بۇيرۇپتۇ. ئىككى ۋەزىرى يولغا چىقىپ، كىمنى ئېلىپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ.

بىرى:

– ئەگەر بىر ئاخماق تېپىپ بارمىساق، پادىشا بىزنى جازالايدۇ، كىمنى ئېلىپ بارساق بولار؟ – دۆپتۇ. ئىككىنچىسى:

– «كىمنى ئېلىپ بارساڭ بولار» دېگەنمۇ سۆزمېكەن. قانداقلا ئادەم ئۇچراشسا، شۇنى ئېلىپ بارىمىز. «پادىشا قىچقىرىۋاتىدۇ» – دېسەك، ئىلاجىسىز بارىدۇ، – دەپتۇ.

ئىككى ۋەزىر يولدا كېتىۋېتىپ، تاغدىن ياغاچ توشۇۋاتقان بىر كىشىگە يولۇقۇپ قاپتۇ.

– ياغىچىڭنى تاشلا، پادىشا سېنى قىچقىرىۋاتىدۇ، – دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى:

– ياغاچلىرىمنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ بارسام. پادىشا مېنى نېمىگە قىچقىرىدىكەن؟ – دەپ سوراپتۇ.

– پادىشانىڭ نېمىگە قىچقىرىدىغانلىقىنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ ئاخماق تېپىپ كېلىڭلار دېگەن، تېز ماڭ!
– دەپ ئالدىرىتىپتۇ.

– ياق، ژىگىتلەر، قارىغاينى ئەمگەك قىلىپ ئېلىپ كەلدىم. بۇنى يولغا تاشلاۋېتىپ بارمايمەن، – دەپ ژۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئىككى ۋەزىر يەنە مېڭىپ، يولدا بىر ئايالغا يولۇقۇپتۇ.

– يەڭگە، سىزنى پادىشا قىچقىرىۋاتىدۇ، چاپسان بولۇڭ، – دەپتۇ.

– بالىلىرىم، ئايال كىشىنى نېمە ئۈچۈن قىچقىرىپتۇ؟ – دەپ سوراپتۇ ئايال.

– ئۇنى بىز بىلمەيمىز، ئاخماق تېپىپ كېلىڭلار دېگەن، – دەپتۇ ئىككى ۋەزىر.

ئايال رەنجىپ:

– موشۇ كەمدە سىلەردەك بېكار ژۈرگەن كىشى ئاخماق بولماي، ئۆز تىرىكچىلىگىنى قىلىپ ژۈرگەن كىشى ئاخماق بولامدۇ! ئاخماق تاپىدىغان يەردىن تېپىڭلار. مەن بارمايمەن، – دەپ يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككى ۋەزىر قانداقلا ئادەم ئۇچراشسا، زورلۇق بىلەن پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشقا قارار قىپتۇ. ئۇلار يەنە كېلىۋېتىپ، يەر ھايداۋاتقان دېخانغا يولۇقۇپ:

– ۋاي، دېخان ئاتا، جۈرۈڭ، سىزنى پادىشا قىچقىرىۋاتىدۇ، – دەپتۇ.

دېخان:

– ئىش قىلىۋاتقان چاغدا پادىشانىڭ ئالدىغا بارمايمەن، – دەپتۇ.

– كۆپ سۆزلىمەي ماڭ، پادىشا ئاخماق تېپىپ كېلىڭلار دېگەن. سەن ئاخماق ئېكەنسەن، – دەپتۇ ۋەزىرلەر.

ۋەزىرلەرگە دېخاننىڭ ئاچچىغى كېلىپ:

– سىلەرگە بۇ يەردە ئاخماق كىشى يوق. نەدىن كەلگەن بولساڭلار، شۇ يەرگە كېتىڭلار، – دەپ ۋاقىراپتۇ.

ۋەزىرلەر:

– ئۇنداق بولسا، ئاخماقنى تېپىپ بەرگىن، – دەپ تۇرىۋاپتۇ.

– مېنى قويىۋېتىڭلار، كۈن ئىسسىپ كەتتى، يەر قۇرۇپ كەتمىسۇن، ۋاقتىدا تېرىۋالاي، – دەپتۇ دېخان.

ۋەزىرلەر «يە ئۆزەڭ بارىسەن، ياكى ئاخماق تېپىپ بېرىسەن» دەپ چىڭ تۇرىۋاپتۇ.

دېخان ئويلىنىپ تۇرۇپ:

– ماقۇل، مەن ئاخماقنى ئېيتىپ بېرەي. ئاخماق تېپىپ كېلىڭلار دېگەن پادىشانىڭ ئۆزى ئاخماق ياكى ئاخماق ئىزدەپ ژۈرگەن ئىككىڭلار ئاخماق. بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاخماقنى يەر يۈزىدىن تاپالمايسىلەر، – دەپتۇ دېخان.

ۋەزىرلەرنىڭ ئاچچىغى كېلىپ:

– سەن پادىشانى ئاخماق دېدىڭ، سېنى پادىشاغا ئېيتىمىز، دەپ قورقۇتۇپتۇ.

– مەن ئۆزەم دېگەندەك ئېيتىڭلار، – دەپتۇ دېخان.

ۋەزىرلەر بېرىپ پادىشاغا ئېيتىپتۇ. پادىشا شۇ دېخاننىڭ پۇت-قولىنى يەرگە تەككۈزمەي باغلاپ كېلىڭلار، – دەپ ھېلىقى ئىككى ۋەزىرنى ئەۋەتىپتۇ.

دېخان پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتىرىپتۇ.

– سەن مېنى ئاخماق دەپسەن، قايسىمىزنىڭ ئاخماقلىقى ھازىر مەلۇم بولىدۇ. خۇدا قەيەردە تۇرىدۇ؟ ئېيتىپ بەر، دەپتۇ پادىشا.

– پادىشاي ئالەم، مەن موشۇ تۇرقۇم بىلەن پادىشاغا ئەقىل ئۈگىتىپ، خۇدانىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسەم، يارىماس. ئىككىمىز كىيىم يەڭگۈشلەيلى، مەن پادىشا بولۇپ تەختتە ئولتىراي، سىز تۆۋەندە تىزلىنىپ تۇرۇڭ، – شۇنىڭدىن كېيىن سوالىڭىزغا تولۇق جاۋاپ بېرەي، – دەپتۇ دېخان.

پادىشا رازى بولۇپ، ئۆزى دېخاننىڭ كونا كىيىملىرىنى كىيىپ، پەستە تىزلىنىپ تۇرۇپتۇ.

دېخان پادىشا بولۇپ ژىگىتلەرنى قىچقىرىپتۇ.

– سىلەر شۇ چاققىچە ئاخماقلارنى تاپالماي ژۈرۈپسىلەر. بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاخماق بولمايدۇ! ئاپىرىپ،

بۇ ئاخماقنىڭ بېشىنى ئېلىڭلار، – دەپ بۇيرۇپتۇ دېخان.
خەلىققە زۇلۇم سالغان پادىشانىڭ بېشى كېسىلىپتۇ. دېخان پادىشا بولۇپ، ژۇتنى ئادىللىق بىلەن سورىغان ئىكەن.



**ئاچ بۆرە**

تاغ باغىرلىرىدا، دەريا بويلىرىدا ئۆسكەن ياپ-يېشىل ئوتلاقتا، قوي ۋە باشقا هايۋانلار بىر-بىرى بىلەن ئۇيناقلىشىپ ئوتلاۋاتقاندا، بىر قوي ئايرىلىپ، بىر تۈپ دەرەقنىڭ سايىسىدا كۆشەپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. باشقا قويلار كۆزگە كۆرۈنەر-كۆرۈنمەس يەرگە بېرىپ ئوتلاۋاتىدۇ. هېلىقى قوي بىغەم، هېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز هامان ئۇخلىماقتا ئىدى. ئاڭغىچە كۈكەي تەرەپتىن چىشلىرى هىجايغان، چىرايى تۈرتەك، ئۆزى قوپال ئاچ قوساق بىر بۆرە كەلدى. قايغۇ-غەمسىز - چۈش كۆرۈپ ئۇخلاۋاتقان قوي، چۈشلىرىنى بۇزۇپ، ئۇيقىسىنى ئېچىپ، ئورنىدىن تۇردىدە، بۆرىنى كۆردى. غەم، ئەندىشە، قايغۇ-هەسرەتلەر قوينىڭ مېيىسىنى قاپلاپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، بۆرە چىشلىرىنى بىلەپ، ئۆزىنى بەختىلىك ساناپ، قۇيرۇغىنى شىپاڭلىتىپ قويغا قاراپ:
– مەن ئۈچ كۈن بولدى ئاچ ياتقىلى، ناهايىتى غەزەپ بىلەن بۇ سەپەرگە چىققان ئىدىم، سېنىڭ ئەجىلىڭ مېنىڭ قولۇمدا ئىكەن. مەن ئۆزەمنى ناهايىتى رىسقىلىق هېساپلىغان ئىدىم، – دەپ قويغا سۈركۈلۈپ قېشىغا كەلدى. قوي قانداق قىلىپ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ، ئارانلا تۆۋەنكى هېلىنى تاپتى:
– هە، بۆرە ئاداش، سېنىڭ قوسىغىڭ ئاچ، مېنى يەيسەن، لېكىن سېنىڭدىن سورايدىغان بىر ئۆتۈنۈشىم بار، شۇنى ماقۇل كۆرسەڭ، – دېدى.
– ئېيتقىن، – دېدى بۆرە.
– كىچىك ۋاقتىمدا ئانام ماڭا بىر هۈنەر ئۆگىتىپ قويغان، بۇ هۈنىرىمنى هېچ كىمگە كۆرسەتمىگەن ئىدىم. شۇ هۈنىرىمنى ساڭا بىر كۆرسىتىپ ئۆتەي، سېنىڭدىن باشقىلار ئۆگىنىۋالسا، مېنىڭمۇ دۇنيادا بىر تۆهپەم قالسا، – دېدى قوي.
بۆرە نەپسىنى بىر ئاز توختىتىپ، قويغا قاراپ:
– سەنمۇ دۇنيادىن ئارماندا كەتمە، قېنى كۆرسەت هۈنىرىڭنى، – دېدى. قوي قورقۇش قىياپىتىدىن بىر ئاز ئۆزىنى توختىتىپ:
– سەن مونۇ دۆڭگە چىقىپ داپ چېلىپ بەرسەڭ، مەن ئۇسسۇل ئوينايمەن، – دېدى.
بۆرە «خوپ بولىدۇ»، دەپ قولىغا داپنى ئېلىپ، دۆڭگە قاراپ ماڭدى.
قوي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ناهايىتى چاپسانلىق بىلەن ئېگىسىنىڭ قېشىغا قاراپ تىكىۋەتتى.
بۆرە دۆڭگە چىقىپ قوي قانداق تاماشە قىلار، دېگەن ئوي بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، قوينىڭ قېچىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، قولىدىكى داپ يەرگە چۈشتىدە، ناهايىتى غەزەپ بىلەن ئىككىنچى ئالدانماسلىققا قەسەم ئىچىپ، باشقا بىر يايلاققا قاراپ، بىر ئاز ماڭغاندا، بىر شىربازغا ئۇچراشتى.
بۆرە ناهايىتى غەزەپ بىلەن شىربازغا قاراپ:
– ئەي، شىرباز، مەن بىر قېتىم ئالداندىم، ئىككىنچى ئالدانمايمەن. ئورنىڭدىن تەۋرىمەي تۇر، سېنى

يەيمەن، — دەپ شىربازنىڭ يېنىغا كەلدى.
شىرباز ئۆزى كىچىك، تەجرىبىسىز بولسىمۇ، تۇۋەنكى ھېلىنى ئىيتىشقا ئارانلا ئۈلگىرەلىدى.
— بۆرە ئاداش، قوسىغىڭ راسا ئېچىپتۇ، مېنى يېسەڭ ئاغرىنمايمەن. لېكىن بىر پۇتۇمنى يەپ تويۇپ قالسەن، قالغان يەرلىرىمنى تاشلاپ كېتىسەن، مەن شۇنىڭغا ئاغرىنىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن مونۇ تاققا چىقىپ زىرە بىلەن پىياز تېرىپ كېلىپ، گۆشۈمگە ئارىلاشتۇرۇپ يېسەڭ تامام يەپ بولسەن، ئۈچ كۈنگە قەدەر قوسىغىڭ ئاچمايدۇ، — دېدى.
بۆرە بىر ئاز ئويلىنىپ:
— سەنمۇ راست ئېيتتىڭ، يەنە ئۇ ئولايمەن دەپ ژۈرەيمۇ، سەن تۇرۇپ تۇرغىن، — دەپ زىرە بىلەن پىياز ئېلىش ئۈچۈن تاققا قاراپ راۋان بولدى.
شىرباز بۆرىنى ئالداپ، ئۆزىنىڭ ساق قالغانلىقىغا خۇشلىنىپ، ئۆز قوتىنىغا قاراپ قېچىپ كەتتى.
بۆرە تاغدىن زىرە بىلەن پىياز تېرىپ كېلىپ: «ھندى راسا تويىدىغان بولدۇم»، دەپ پەسكە چۈشتىدە، شىرباز قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ناھايىتى غەزەپ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم ئالدانماسلىققا قەسەم-ياد قىلىپ، ژۈرۈپ كەتتى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر خېچىرغا ئۇچرىدى.
بۆرە خېچىرنىڭ يېنىغا بېرىپ:
— ئەي، خېچىر، مەن ئىككى قېتىم ئالداندىم، ئۈچىنچى قېتىم ئالدانمايمەن، سېنى يەيمەن، — دېدى. خېچىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ئاچچىغى كېلىپ:
— مەن ئۆمرۈمدە سېنىڭدەك زېدى پەس بۆرىنى كۆرمىگەن ئىدىم. بۇ كەڭ يايلاقتا شۇنچە ياش ھايۋانلار تۇرسا، مەندەك بىر قېرى خېچىرنى يەيمەن دېگىنىڭ ئەجايىپ بىر ئىش. «مەن دۇنيادا سېنىڭدەك ئۇششۇق ھايۋاننى كۆرمىدىم»، — دېدى. بۆرە نېمە قىلىشىنى ئويلاپ، يەرگە قاراپ تۇرغاندا، خېچىر كەينىگە بۇرۇلۇپ تىكىۋەتتى. بۆرە غەزەپ ئۈستىدە مېڭىپ ئېگىز تاغدىن ئۆتكىنىنى سەزمەستىن، باشقا بىر يايلاققا كېلىپ، بىر ئارغىماقنى كۆردى. خۇشلۇغىدىن ناھايىتى ئالدىراپ ئاتقا قاراپلا:
— ھە، ئات، مېنىڭ غەزەپلىك سەپىرىمگە ئۇچراشتىڭ، ئورنىڭدا تەۋرىمەستىن تۇر، مەن سېنى يەيمەن، — دېدى.
ئارغىماق بۆرىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ:
— بۆرە ئاداش، مەن سېنى ئىزدەپ ژۈرگىلى ئىككى ژىل بولدى. ئانام مېنى تۇغۇپلا، ئارقا پۇتۇمغا خەت يېزىپ: «سېنى يەيمەن دەپ، بىر بۆرە كېلىدۇ، ئۇ موللا بۆرە بولۇپ، بۇ خەتنى شۇ بۆرە ئوقۇپ بېرىدۇ. ئۇ موللا بۆرىدىن باشقا بۆرە ئوقالمايدۇ»، دەپ تاپشۇرغان ئىدى. سېنى ئەندى تاپتىم. سەن شۇ خەتنى ئوقۇپ بەرسەڭ، قۇلىغىم ئاڭلىسا مۇرادىم ھاسىل بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەن مېنى خالىغىنىڭچە يېسەڭمۇ رازى بولىمەن، — دېدى.
بۆرە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ «ھندى قوسىغىمنى راسا تويغۇزۇدىغان بولدۇم»، دېگەن خىيالنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ، خوشاللىق بىلەن، — خوپ بولىدۇ، سەنمۇ مۇرادىڭغا يېتىۋال، خەت قايسى پۇتۇڭغا يېزىلغان؟ — دەپ سورىدى.
— مانا، موشۇ پۇتۇمغا، — دەپ ئوڭ تەرەپ ئارقا پۇتىنى كۆتەردى ئارغىماق. بۆرە ئاتنىڭ پۇتىغا دىققەت بىلەن قاراپ:
— پۇتىڭدا خەت يوق، — دېدى.
ئات ئۆز ھېلىسىنى جايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن:
— مەن سېنى ئۆزۈمدىن بېرى چۆل-باياۋانلاردىن كېزىپ ئىزدەپ ژۈردۈم. تاغ دەريالاردىن ئۆتتۈم. شۇنچىلىك نۇرغۇن يەرلەرنى كېزىپ چىققىچە، ئەلۋەتتە، بۇ پۇتۇمغا لايلار چاپلىشىپ قالغاندۇر. سەن ئۇبدان يالاپ كۆرسەڭ، ئاشكارە كۆرۈنىدۇ، — دېدى.
بۆرە بۇ چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلاپ، ئاتنىڭ پۇتىنى راسا ئۇبدان يالاشقا باشلىدى.



ئات بۇ پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزمەسلىككە تىرىشىپ، بۆرىنىڭ يالىشى راسا قىزىغاندا، تازا كەلتۈرۈپ بارلىق كۈچىنى ژىغىپ بۆرىنىڭ تۇمشۇغىغا بىرنى تەپتى. بۆرىنىڭ كۆزىدە ئوتلار چېقىلىپ، چىشلىرى چۇشۇپ كەتتى، بۇ ئىشقا ناھايىتى غەزەپلىنىپ، ئاغزىدىن قانلار ئاققان ھالدا مۈكچىيىپ دۆڭلۈكتە ئولتىرىپ، ئاتقا قاراپ:

تەۋەككۈل قىلدىمدە مۇقەددەم ئۇچرىدى بىر قوي،
ماڭا كىم قويدى ناغرا-كاناي بىلەن توي.
قەھرىلىك غەزىۋىمگە ئۇچراشتى شىرباز،
ئوخشىتىپ بەردى ماڭا زىرە بىلەن پىياز.
غەزەپ قىلدىم، يەنە چەندان خېچىر ئۇچرىدى بىر يەردە،
ئۇيات نىمە، جۇت ئىدى مەن بۆرىگە ئۇ يەردە؟!
ناھايىەت قىلدىم غەزەپ، يولۇقتى بىر دانە ئات،
تۇۋاق يالىساڭ ئەۋلادىم، خامۇش بولۇپ خاكىدا يات، —

دەپ سۆزىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئاياقلاشتۇرۇپ، كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ تۇرۇپ جان تەسلىم قىلدى.

## موماي بىلەن بۆرە

راستىمىكىن، يالغانمىكىن ئىش قىلىپ بۇنىڭدىن خېلە زامانلار ئىلگىرى بىر موماي بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ياكى بالىسى، ياكى قېرىنداشلىرى يوق ئىكەن، ئەگەر قېرىنداشلىرى بولغان بولسىمۇ ئاللىقاچان كۆكۈللىرى بۆلۈنۈپ، بىزىپ كەتكەن بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ موماي يېزىنىڭ چەت بىر يېرىدىكى ئېرىدىن قالغان كۈزلەكتە يالغۇز ئۆزى ياشايدىكەن. ئۇ مومايىنىڭ بارى-يوقى بىرلا قوزىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ياكى توخۇ، ياكى ئىشت دېگەن نەرسىسى يوق ئىكەن. شۇ قوزىسى بىلەن مېلىكە بولۇپ، ئۇزۇن كۈنلەرنى قىسقارتىپ، كۆڭۈلسىز چاغلىرىنى خۇش قىلىپ ژۈرىدىكەن. موماي ئۇ قوزىسىنى تاغنىڭ ئاياق بېسىلمىغان جايلىرىدىكى ئەڭ مەيىن ئوتلاردىن، ئەڭ سۈزۈك ۋە سالقىن بۇلاق سۇلىرىدىن ئەكېلىپ باقىدېكەن. ئەتە-ئاخشىمى ئەگەشتۈرۈپ ژۈرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، موماي تاققا كەتكەندە: «ىشكنى ئىچىدىن ئىلىۋالغىن، مەن كەلمەي تۇرۇپ تالا-تۈزگە چىقمىغىن، ئىشكنى مېنىڭدىن باشقا ھېچ كىمگە ئېچىپ بەرمىگىن» — دەپ قوزىسىنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ كېتىدىكەن. موماي تاغنىڭ ئاياق بېسىلمىغان جايلىرىدىكى ياپ-يېشىل ۋە ئەڭ يۇمشاق ئوتلارنىڭ ئۇچ-ۇچلىرىدىن تېرىۋېلىپ، قاپقا سالىدىكەن، سالقىن ۋە ئەڭ سۈزۈك بۇلاق سۈيىدىن بىر كومزەككە ئالىدىكەندە، كۈن

چۈشتىن ئېگىلگەن چاغلاردا قايتىپ كېلىدىكەن ۋە:

تۇر-تۇر، قوزام، تۇر-تۇر،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.
«تۇر-تۇر، قوزام، تۇر-تۇر،
سۇنىڭ سۈزىگىنى ئەكەلدىم»، —

دەيدىكەن.

قوزا مومىنىڭ بۇ شەرتلىك چاقىرىغىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئاچىدىكەن ۋە مومىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئوتلىرىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن موماي ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ، سەيلە قىلىدىكەن. بۇ قوزىغا كۆپتىن بېرى بىر بۆرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى يېيىشنىڭ قەستىدە ژۈرگەن ئىكەن، لېكىن يېيىشنىڭ ئېپىنى زادى تاپالماي ژۈرىدىكەن، چۈنكى ئۇ قوزا ئەتە-اخشىمى مومايدىن ئايرىلمايدىكەن. كۈندۈزلىرى موماي تاققا كەتكەن ۋاقىلاردا بولسا، ئۆيدىن تاشقىرى چىقمايدىكەن ئەمەسمۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، موماي تاققا كەتكەن چاغدا، ئۇ بۆرە قوزىنىڭ ئۆيىدىن چىقىشىنى پايلاپ بىر بۈك تىكەن تۈۋىدە ئۇزاق ماراپ يېتىپتۇ. لېكىن قوزا چىقماپتۇ. بىر ۋاقىلاردىن كېيىن موماي قايتىپ كەپتۇ، بۆرە بولسا ئەلەمدىن قۇرۇق ئاغزىنى كۆشەپ كېتىپ قاپتۇ. ئەتىسىمۇ خۇددى مومىنىڭ تاققا كېتىپ قالغان ۋاقتىدا كېلىپ، يەنە ماراپ يېتىپتۇ. لېكىن بىر دەم كۈتۈپ يېتىپ، قوزا چىقمىغاندىن كېيىن ئاچچىغىدا ئۆيىنىڭ پەنجىرىگە كەپتۇدە، ئالداپ كۆرۈپتۇ، قورقىتىپ كۆرۈپتۇ — چىقىرالماپتۇ، پەنجىر ۋە ئىشىكلەرنى ئۇرۇپ كۆرۈپتۇ — ئېچكىرىگە كىرەلمەپتۇ. قوزا ئۈن چىقارماي جىم-جىت تۇرىۋاپتۇ. شۇ ئارىدا يەنە موماي كېلىپ قاپتۇدە، بۆرە تېخىمۇ ئەلەم بىلەن «خەپ سېنى توختا!» — دەپ قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۆرە مومىنىڭ ئىشىگىنى نېمە دەپ ئاچۇرۇشىنى ئۆگىنىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ، ئەتىسى خۇددى مومىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىدا ئۆيگە يېقىن بىر دالدا يەرگە مۆكۈۋېلىپ، قۇلاق سېلىپ يېتىپتۇ. بىر ۋاقىلاردىن كېيىن، موماي بىر قاپتا يۇمشاق ئوت، بىر كومزەكتە سۈزۈك سۇ كۆتىرىپ كېلىپ:

«تۇر-تۇر، قوزام، تۇر-تۇر،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.»
«تۇر-تۇر، قوزام، تۇر-تۇر،
سۇنىڭ سۈزىگىنى ئەكەلدىم،» —

دېگەندە قوزا ئىشىكنىڭ ئىلىقلىرىنى شاراققىدە ئېچىپ، مومىنىڭ ئالدىغا ژۈگرەپ چىقىپ ئەركىلەپ ئويناقلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن بۆرە كۆڭلىدە: «ەندى تىلىڭنى بىلدىممۇ، دېمەك ئەتىگە قولۇمغا چۈشتىڭگۇ»، — دەپ كېتىپتۇ. بۆرە بىر جاڭگاللىققا بېرىپ، ئەتىسىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن هالدا، تاڭ ئاتقىچە مومىنىڭ هېلىقى شەرتلىك سۆزلىرىنى يادلاپتۇ.

تاڭ ئېتىپ كۈن چىققاندا، موماي قاپ بىلەن كومزىگىنى كۆتىرىپ تاققا كېتىپتۇ. بۆرە ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى بىر دەم ئايلىنىپ ژۈرۈپتۇدە، كېيىن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

«تۇر-تۇر، قوزام، تۇر-تۇر،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.»
«تۇر-تۇر، قوزام، تۇر-تۇر،
سۇنىڭ سۈزىگىنى ئەكەلدىم،» —

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوزا هەيران بولۇپ، بىر ئىشەنگىدەك، بىر ئىشەنگۈسى كەلمىگىدەك. ئىشىكنى ئاچاي دېسە، بىرىنچىدىن — بۇنىڭ ئاۋازى مومىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمىغىدەك، ئىككىنچىدىن — مومىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ئەمەس، تېخى ئەتىگەندەك. ئاچماي دېسە، بەلكى موماي يېقىن يەرگە بېرىپلا ئالدىراپ قايتىپ كەلدىمىكىن ۋە ئىلدام مېڭىپ كەلگەنلىكىدىن هاسىراپ ئاۋازى ئۆزگىرىپ قالدىمىكىن، دەپ ئىككى خىيالدا قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىلمەي ئويلاپ تۇرغاندا، بۇ شەرتلىك سۆزلەر يەنە كايتۇرۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قوزا تاۋاكەل دەپ ئىشىكنى

ئېچىپتۇدە، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزى ئىشكىنىڭ ھەينىگە مۆكۈۋاپتۇ. ئىشك ئېچىلىشى بىلەنلا ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن بۆرە قوزىنى كۆرمەي قاپتۇ. بىراق كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان ئاچ بۆرىنى كۆرگەن بېچارە قوزا قورققىنىدىن ۋاقىراۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۆرە قوزىنى بىر چىشلەپ بېسىپتۇدە، تويغىچە يەپ، چىقىپ كېتىپتۇ.



بىر ۋاقلاردىن كېيىن موماي كەلسە، ئىشىك ئوچۇق تۇرۇپتۇ، كىرسە قوزىنىڭ پەقەت ئۇستىخانلىرىلا قاپتۇ، خالاس. شۇنىڭدىن كېيىن «اھ» — دەپتۇدە، تىلىنى چىشلەپتۇ ۋە «سەن بۆرىدىن شۇ قىلغىنىڭنى بىر قايتۇرمىسام، توختا!» — دېگەن پىكرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى موماي يېزىغا بېرىپ، يەنە بىر قوزا سېتىپ ئەكەپتۇ. ئۇنىمۇ خۇددى ئاۋالقى قوزىغا ئوخشاش بېقىشقا باشلاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى موماي بوسۇغىنىڭ تۈۋىنى چوڭقۇر ئورا قىلىپ كولاپتۇ، تونۇرغا ناھايىتى كۆپ كۇكۇم قالاپ، ئۇنىڭ قوقاسلىرىنى ھېلىقى كولىغان ئورىغا كەلتۈرۈپ تۆكۈپتۇ ۋە ئۈستىنى بوش قىلىپ يېپىپ قويۇپتۇ. ئۆزى قاپ بىلەن كومزەكنى كۆتىرىپ تاققا ماڭغان بولۇپ كېتىپتۇدە، ئاستاغىنە قايتىپ كىرىپ، ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ. بىر ۋاقلاردىن كېيىن بۆرە مومايىنى كېتىپ قالدى دەپ ئويلاپ، بۇ قوزىنىمۇ راسا يەپ تويماقچى بولۇپ كەپتۇ ۋە: «تۇر-تۇر، قوزام، تۇر-تۇر» — دەپ ئىشىككە يېقىنلىشىشى بىلەنلا، پالاققىدە قىلىپ ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۆرە ئۇ يەردە قوقاستا ئۈتىلىنىپ ئاۋازىنىڭ بارچە چېقىرىغىدەك. شۇ چاغدا موماي چىقىپ: «ھە، قوزا يېگەندە مەززە قىلغاندۇرسەن، ئەندى ئۇنىڭ جازاسىنىمۇ تارتىپ كۆرگىن!» دەپ كۈلۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۆرە قوزىغا قەست قىلىمەن دەپ، ئاخىرى ئۆزى قوقاستا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ.

## مۆشۈكنىڭ تاپقان ئامالى

بار ئېكەنۇ-يوق ئېكەن، ئاچ ئېكەنۇ-توق ئېكەن، كۆزلىرى چەكچەيگەن، دۈمبىسى دۈمچەيگەن، ئاياق-قولى ماغدۇرسىز، ئاغزىدا چىشى يوق، بىر مۆشۈك بار ئېكەن.

ئۇ ئالدىدىن قېچىپ ئۆتكەن بىر چاشقاننىڭ بالىسىنى قوغلاپ، تۇتالماستىن «ھەسسەنە!» — دەپ ئولتارغان ئېكەن. ياشلىغىدىكى چەبدەسلىگى ئېسىغا چۈشۈپ، كۆزىگە جىق ياش ئاپتۇ، قوسىغىنىڭ ئاچلىغى ئۇنى ئويغا ساپتۇ.

كۈن ئويلاپ، ئاي ئويلاپ، ئۈگدەپ قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بىر قۇۋلۇقنى ئويلاپ تېپىپتۇدە، مەڭدەپ تۇرۇپ، تاپقان ئويىنى ئىشقا ساپتۇ: بېشىغا سەللە ئوراپ، قولىغا تەسۋى تۇتۇپ، ئالدىغا جەيناماز سېلىپ، قىلۋىغا قاراپ، ناھايىتى مۇلايىم بولۇپ، چاشقانلارنى كۆرسىمۇ، كېرمەسكە سېلىپ ئولتىرىۋاپتۇ.

ئۇگىسىدىن چىققان چاشقان ئاۋال بېشىنى چىقىرىپلا قېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ، كېيىن يەنە چىقىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. مۆشۈكنىڭ تېچ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ، ئۇگىسىغا كىرىپ، ھەممە چاشقانلارغا مۆشۈكتىكى

ئۆزگىرىشنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭغا چاشقانلار ئىشەنمەستىن، ئالدى بىلەن ژۈرەكلىكرەك ۋە چاققانىراق سىنچى چاشقاننى چىقىرىدۇ. ئۇ تۆشۈكتىن چىقىپ بايقاپ، ھېلىقى چاشقاننىڭ خەۋىرى راست ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، سىناپ كۆرگىسى كېلىپ، ئاۋال ژىراقتىن قېچىپتۇ، مۆشۈك بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي تۇرىۋېرىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئالدىدىن قېچىپ ئۆتۈپتۇ، مۆشۈكنىڭ قوغلىمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، قايتىپ ئۇۋىسىغا كىرىپ، چاشقانلارغا ئۇمۇ ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، چاشقانلار يەنە ئىشەنمەي، بىر ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.

ئەلچى چاشقان قورقۇپ، تىترەپ مۆشۈكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، گەپ قىلالماي قېچىشقا تەمشىلىپتۇ. بۇنى بايقاپ تۇرغان مۆشۈك كۆزىنى ئاچماستىنلا ئۇنىڭغا:

— توختا، سەن قاچما، مەن ساڭا زىيان قىلمايمەن، مەن بولسام قېرىدىم، ياش چاغلىرىمدا سىلەرگە تولا زورلۇقلارنى قىلىپ، خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناكار بولدۇم. ھازىر مەن بولسام، ھەجگە بېرىپ قايتتىم، ئەندى خۇدا ئالدىدا ئۆتمۈشتىكى گۇنالىرىمغا توۋۋا قىلىۋاتىمەن. سەن، ھەممە چاشقانلارغا ئېيتقىن، ئۇلار ماڭا كەلسۇن، مەن ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ بالىسىنى، بىرسىنىڭ ئانىسىنى، بىرسىنىڭ ئاتىسىنى، بىر مۇنچىلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئەتكەنمەن، مانا شۇ گۇنالىرىم ئۈچۈن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورىماقچىمەن، — دەپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىپ تۇرۇپ ئېيتىپتۇ.

ئەلچى چاشقان ئورنىدىن قوزغىلىپ، مېنى يەپ قويمىسىدى دېگەندەك گۇمان بىلەن ئارقىسىغا قاراپ-قاراپ، ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ھەممە چاشقانلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— نېمە ئىش ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۆشۈك ھەجگە بېرىپ قايتىپتۇ، گۇناسىغا توۋۋا قىلماقچى ئىكەن، ئۆتمۈشتە قىلغانلىرى ئۈچۈن بىزدىن ئەپۇ سورىماقچى ئىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن بىر-بىرىمىز بىلەن دوست بولۇپ ياشىساق دەيدۇ، — دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ ئەلچى چاشقان.


شۇنداق بولسىمۇ، چاشقانلار يەنە سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن بىردىن، ئىككىدىن چىقىپ، سىناپ كۆرۈپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭ جەي-نامازلىرىنىڭ ئۈستىدىنمۇ ئۆتۈپ بېقىپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر شېتىلە چاشقان مۆشۈكنىڭ قۇيرۇغىنى چىشلەپمۇ قويۇپتۇ، ئامما مۆشۈك تېخىچىلا تەسۋى سىرىپ ئولتىرىۋېرىپتۇ. كۆڭلى توختىغان چاشقانلار بىر-بىرىگە تەشۋىق قىلىشىپ، مۆشۈك بىلەن دوستلاشماقچى بولۇپ، ھەممىسى ئۇۋىسىدىن چىقىپ، مۆشۈكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، جەينامازنى چۆرەدەپ ئولتىرىشىپ، سەممىمي سۆھبەتلىشىپتۇ.

ھەجدىن قايتقان مۆشۈك ئاۋال ژىغلاپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقلىرىنى ئاپتۇ، كېيىن تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رىكەت ناماز ئوقۇپ ئالىدىغانلىغىنى ئۇختۇرۇپتۇ. چاشقانلار ئۇنىڭ نامىزىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ، قاراپ تۇرۇپتۇ. تاھارەتكە چۆكۈن كۆتەرگەن مۆشۈك ئاۋال بۇلۇڭغا بېرىپ، بېشىدىكى سەللىسىنى ژىتىپ، تۆشۈكنى توراپتۇ. ئاندىن قايتىپ، كۆزلىرى ئوتقا ئوخشاش ياڭخان ھالدا، ھەممە چاشقانلارنى بىر باشتىن تۇتۇپ، بوغۇپ تاشلاپتۇ...

## بىلەرمەنلەر

بۇرۇن زاماندا بىر-بىرىدىن «بىلەرمەن» بىر ئەر-خوتۇن بولغان ئىكەن. خوتۇنى ئېرىغا بىر مەسلىھەت سالسا، ئېرى گەپنىڭ تېگى-تەتىگە يەتمەيلا «بىلىمەن» دەيدىكەن. خوتۇنىمۇ ئېرىنىڭ گېپى تۈگە-تۈگىمەيلا «بىلىمەن» دەپ تۇرىدىكەن. بۇلار بىلەرمەنلىكنى ئۆيىدىلا ئەمەس، ژۇت ئىچىدىمۇ قىلىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر بىر نەرسە دېسىلا، «بىلىمەن» دەپ ژۆرىدىكەن. ئادەملەر بۇلاردىن زېرىكىپ، قانداقمۇ قۇتۇلارمىز، دەپ پاراڭلىشىۋاتسا، ھېلىقى «بىلەرمەن» كېلىپ قېلىپ، «بىلىمەن، سىلەر قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتىرىسىلەر» دەپ گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ كېتىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى بىلەرمەن بازارغا بېرىپتۇ. ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ، مال كۆرۈپتۇ. بىر بوۋاي: «لايىغىدا خېرىدار چىقسا، ساتارمەن» دەپ، بىر چاپاننى كۆتىرىپ ژۆرۈپتۇ. بۇ چاپان بوۋايغا تۆرتىنچى بوۋىسىدىن قالغان ئىكەن. بۇ چاپاننىڭ خىسلىتى «ئۈچ چاپىنىم» دېسە، ئۈچىدىكەن، «چۈش چاپىنىم» دېسە، چۈشىدىكەن. بىلەرمەن ئۇ بوۋاينى قىچقىرىپ سوراپتۇ:



– بۇ چاپاننى ساتامسەن؟
– ساتىمەن، تەخسىر!
– ساتىدىغىنىڭنى بىلىمەن، باھاسى قانچە؟ – دەپتۇ، قولىغا ئېلىپ كۆتىرىپ، كۆڭلىگە ياققاندىن كېيىن.
– بىكارغا بىرىشنىڭ ئورنى يوق، تەخسىر، ئون تەڭگە بەرسىلە!
– پاھ-پاھ! سېنىڭ شۇنداق باھا قويۇدىغانلىغىڭنى بىلىمەن. بازار دېگەندە ئوشۇق، گەپ بولىدۇ. تۆرت تەڭگە بىرەي.
بوۋاي توققۇز تەڭگىگە چۈشۈپتۇ، باي بەش تەڭگىگە چىقىپتۇ. ئەتراپتىكىلەر يەتتە تەڭگىگە سالا قىلىپ قويۇپتۇ.
– سىلەرنىڭ يەتتە تەڭگە قىلىپ قويۇدىغىنىڭلارنى بىلىمەن، ئۇنداقتا قىممەت بولۇپ كېتىدۇ. ماقۇل، بەش يېرىم تەڭگە بولامدۇ؟
بىلەرمەن باي تۆمۈردەك قاتتىقلىق قىلىپ، ئالتە تەڭگىگە ئاپتۇ. پۇلنى ساناپ بىرىۋېتىپ، بوۋايغا:
– سېنىڭ ئالتە تەڭگىنى كۆزلەپ تۇرغىنىڭنىمۇ بىلىمەن، – دەپتۇ.
بوۋاي:
– تەخسىر، بۇ چاپاننىڭ بىر خىسلىتى بار... – دېيىشىگە گەپنى كېسىپ:
– بىلىمەن، چاپان دېگەننىڭ نىمە خىسلىتى بولىدۇ، – دەپتۇ.
بوۋاي يەنە:
– ياق، گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، بۇ چاپاننى كىيىپ «ۇچ چاپىنىم!» دىسە، ئۇچىدۇ. چۈشۈدىغان چاغدا...
– بوۋاي سۆزىنى تۈگەتكىچە باي يەنە گەپنى تارتىۋېلىپ:

– بىلىمەن، ھە بىلىمەن! ئالتە تەڭگىلىك چاپان، ئەلۋەتتە، ئۈچىدۇدە، – دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى تىڭشىمايلا، چاپاننى قولتۇقلاپ ئۆيىگە كېتىپتۇ.
ئۆيىگە كېلىپ:
– ھاي، خوتۇن، ھاي، باللارنىڭ ئانىسى، مەن بىر چاپان ئېلىپ كەلدىم...
– ھە، نېمە دەيدىلا؟ بازارغا بارغاندىن كېيىن چاپان ئېلىپ كېلىدىغانلىرىنى بىلگەن مەن، – دەپتۇ خوتۇنى.
– توختا، بىز بۇ چاپاننى كىيىپ، ئاسماڭھا چىقىپ، دۇنيا كۆرۈمىز.
– ۋىيەي، تازىمۇ ئۇبدان چاپانكەڭھۇ! مۇنداق چاپاننىڭ ئۇچىدىغانلىقىنى بىلىمەن. قېنى، كىيىپ باقسىلا!
باي چاپاننى كىيىپ، «ۇچ چاپىنىم» دەپتىكەن، چاپان تەۋرىنىپ، ئاستا كۆتىرىلىشكە باشلاپتۇ. خوتۇنى تۆۋەندە تۇرۇپ:
– ۋاي، دادىسى، چۈشۈشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا! – دەپتۇ.
– ھەي، ئاخماق، سەن دېمىسەڭمۇ بىلىمەن! – دەپ ئەرلەپ كېتىپتۇ. دەرەق بوي ئۆرلىگەندە بېشى قېيىپ، چۈشۈپ كەتمەكچى بوپتۇ. «تۆۋەنلە» دېسە چۈشمەپتۇ. ئۇنداق قىلىپ، مۇنداق قىلىپ، زادى چۈشۈرەلمەپتۇ.
ئاخىرى بولمىغاندىن كېيىن، تۆۋەنگە قاراپ:
– ۋاي، خوتۇن، مېنى تۇتىۋال، مېنى تۇتىۋال! – دەپ ۋاقىراپتۇ.
خوتۇن بۇنى ئاڭلاپ، ئۆزىگە ئۆزى: «بىلىمەن، سېنى مەن تۇتۇۋالمىسام چۈشەلمەيسەن» دەپ ئېرىغا قاراپ، دۆڭمۇ-دۆڭ تاغمۇ-تاغ ژۈگرەپتۇ. ئېرى بارغانسىرى ئەرلەپ كېتىپتۇ، خوتۇنى ھاسراپ-ھۆمۈدەپ تاققا چىققۋاتقاندا، پۇتى سىرىلىپ كېتىپ، دومىلاپ كېتىپتۇ. تاشتىن-تاشقا سوقۇلۇپ ئۆلۈپتۇ. ئېرى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ يوقاپتۇ. خوتۇنىنىمۇ كۆرەلمەپتۇ.
– «ۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمىگەن» دېگەن تەمسىل، مانا شۇنىڭدىن قالغانمىش.

## ھورۇننىڭ ئۆلۈمى

زامانەمنىڭ زامانىسىدا، بولغان ئېكەن بىر ۋاقىە، ھورۇنلارنىڭ ماكانىدا، خەلقى ئالەمگە مەلۇم ئېكەن، بىر ھورۇن كېيىن بوپتۇ مىڭ ھورۇن. كۇچار شاھى شاھ بولۇپ، شەھەر سوراپ تۇرغاندا شۇ ھورۇن ھايات ئېكەن. ئۇ ھېمىشەم ئىش قىلماي ئوڭدا يېتىپ، ئاش ئىچىپ، قاچا بوشىتىپ، يول مېڭىپ، كوچا بوشىتىپ ژۈرىدىكەن. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە نەدە سايە بولسا، بۇ ھورۇن شۇ يەردىن تېپىلىدىكەن.
كۈنلەرنىڭ بىرسىدە بىر دېخان كوچىنىڭ بۇجىگىدىن ئىلدام ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، ھورۇن ئۇنىڭغا:
– ھوي، دېخان ئاكا! نېمە ئانچە پايپاسلاپ ژۈرىسەن، ئالدىرىماي ماڭساڭ، ئىشىڭ پۈتمەمدۇ؟ – دەپتۇ.
– ئاشلىغىم پىشىپ قالغان ئېدى، ئومىچى تاپالماي ژۈرىمەن، ئالدىرىمىسام شامالدا قېقىلىپ كېتىدۇ، – دەپتۇ.
– با، بەللى! مانا، مەن ئىش تاپالماي ژۈرسەم، سىز ئومىچى ئىزدەپ ژۈرۈپسىز، ئومىڭىزنى مەنلا ئورۇپ بېرەي، – دەپتۇ ھورۇن.
– ئۇنداق بولسا، تولا ياخشى بولاتتى. بۇنىڭ سوۋاۋىغا ھېچ نېمە توغرى كەلمەتتى، ئەتە ئومىغا چۈشۈڭ، – دەپتۇ دېخان خوشال بولۇپ.
– ئانچە ئالدىرىماڭ، ئالدىرىغان شەيتاننىڭ ئىشى، ئالدىرىغان قالار، بۇيرۇغان ئالار دېگەننى بىلمەمسىز؟ ئاۋال سىز ماڭا چاي-تۇزلۇق بېرىڭ، مەن ئوزۇق-تۈلۈكنى تەييارلاۋېلىپ، بىر كۈندىلا ئومىڭىزنى ئورۇپ قويۇمەن، – دەپتۇ ھورۇن.
– خوپ، خوپ، نېمە كېرەك؟
– بىر تونۇر توغاچقا لايىق ئۇن، پىشىرىشكە ئوتۇن، يېتەرلىك چاي، ئۆيدىكىلەرگە چاي-تۇزلۇق ئۈچۈن ئاز-تولا «تەڭگە» بېرىڭ، شۇ چاغدا ئومىڭىز ئورىلىۋېرىدۇ، – دەپتۇ.
دېخان بۇنىڭغا رازى بولۇپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەييارلاپ بېرىپتۇ. ئەتە ئومىغا چىقىدىغان

بولۇپ، كېلىشىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى دېخان ئېتىزغا بارسا، ھورۇن كەلمەپتۇ. دېخان خېلە خاپا بولۇپ، غېۋانىسىغا ئۇنى كايىپ، ھورۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ:

— ھوي، قانداق گەپ بولدى بۇ!؟ ۋەدە قېنى!؟ ئاشلىق قېقىلىپ كېتىدىغان بولدىغۇ، — دېسە.

— خۇدادىن كەلسە ئۆزىڭىزمۇ قېقىلىپ كېتىسىز، بىر كۈننىڭ كارى چاغلىق، نان ياقىدىغان كىشى تاپالمىدىم، ئەتىلەردىن بىر گەپ بولۇپ قالار، — دەپتۇ، دېخاننى يولغا سېپتۇ.

دېخان ئەتىسى ئومىنى يالغۇز ئورۇپ، كەچقۇرۇن ھورۇڭھا ئېتىزدىن قايتىپ يولۇقۇپتۇ. بۇ قېتىم غەزەپ ئاچچىغى كەلگەچكە ئۇنىڭغا:

— تازا ئىش خۇش ياقماس، تەييارتاپ ئوخشايسەن، — دەپتۇ.

— ئانداق ئەمەس، بۇرادەر، — دەپ ھورۇن، — مەن ئومىغا كەتكەندە بالا-جاقامغا كۆز-قۇلاق بولۇپ، سايىدا ياتقىدەك بىر ئادەم تاپالمايۋاتىمەن. ئەتىلەردىن بىر گەپ بولار.

دېخان ئەتىسى كېلىپ، ناھايىتى رەنجىگەنلىكتىن:

— ئادەم ئەمەس ئېكەنسەن، — دېسە:

— كايىماڭ، رەنجىمەڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىڭ، مۈجەزىم يوق، بىتاپ بولۇپ قالدىم، ياخشى بولۇپ قالسام، ئەتە چىقىمەن، خۇدا خالىسا، — دەپتۇ.

دېخان ئەتىسى يەنە كەپتۇدە، ئاتتىنمۇ چۈشمەي:

— ھوي، زادى سەن ئىشلەمسەن، ئىشلىمەمسەن!؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىشلەيمەن، — دەپتۇ ھورۇن.

— قاچان ئىشلەيسەن؟

— قولۇم تەككەندىدە.

— سېنىڭ قولۇڭ تېگىدىغان كۈن بولامدۇ زادى؟ — دەپ، سورىسا:

— ئەلۋەتتە، بولىدۇ، — دېگىدەك ھورۇن.

— راستىڭنى ئېيت، قاچان قولۇڭ تېگىدۇ؟

— قۇم چېچەكلىگەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇغى يەرگە يەتكەندە. — بۇ سۆزلەرگە قاتتىق رەنجىگەن دېخان:

— ھوي، تەييارتاپ، ئالغان نەرسىلەرنى قايتۇر، بولمىسا دۇگا قىلىۋەت، — دەپ تەددە قىلىپتېكەن.

— دۇگا قىلسام قىلاي، — دەپ ھورۇن ئۇششۇقلۇق قىپتۇ.

دېخان ئۇنىڭدىن قەرىزىنىمۇ پۈترەلمەي، ئومىسىنى ئۆزى ئورۇپ تۈگىتىپتۇ.

دېخانلار ئاشلىقنى ئورۇپ، كۈزلۈك چېچىۋاتقاندا، ھورۇن يەنە ئىش قىلماي ياتىۋېرىپتۇ. جامائەت «بۇ ئىشلىمەي بالا-جاقىسىنى ئاچتىن ئۆلتۈرۈپ ئالمىسۇن»، — دەپ بىرسى يەر، بىرسى ئۇرۇق، بىرسى قوش، بىرسى ئۇلاق بېرىپ، بىر پاتمان بۇغداي تېرىپ بېرىپتۇ. كېلەر ژىلى ئاشلىق پىشقاندا، جامائەت ئۇنىڭغا:

— ساڭا جامائەتنىڭ ياردەم قىلىپ تېرىپ بەرگەن ئاشلىقى پىشىپ قاپتۇ، ئۇنى ئورۇپ ئالساڭچۇ، — دەپتۇ.

— شۇنچە غەمخورلۇق قىلغىنىڭلارغا مىڭ رەخمەت، تېرىپ، سۇغىرىپ، پىشىرىپ بەردىڭلار. ئەندى بۇغداينى بىرىڭلار ئورۇپلا بەرسەڭلار، تولىمۇ ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ.

جامائەت:

— ئوماڭنى ئۆزەڭ ئورى، مۇنچىۋالىمۇ ھورۇن بولغان بارمۇ! — دېسە:

— مەيلى، ئۆزەم ئورىسام، ئوراي: بۇغدايلىقنى ئالدىمغا ئەكىلىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ. شۇندىن كېيىن، جامائەت ئۇنى تاشلاپ كېتىپ، كۇچار پادىشاسىغا بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىپتۇ.

پادىشا شەھەردىكى ھورۇنلارنىڭ مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك، دېگەن ئوي بىلەن ۋەزىرلىرىدىن مەسلىھەت ئاپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ مەسلىھىتىنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇنىڭدىن كېيىن پادىشا شەھەرگە ھورۇنلار سارىيى ياسىتىپتۇ. ئۇ پۈتكەندىن كېيىن پۈتۈن پۇخراسىغا قارىتىپ جار سالدۇرۇپ، مۇنداق ئېلان قىپتۇ:

— ھاي، خالايىق! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، پادىشاي ئالەم ھورۇنلار سارىيى سالغۇزدى. پادىشا غۇسسىغا قاراشلىق بارلىق شەھەر خەلقى ئىچىدىكى ھەممە ھورۇنلار شۇ شەھەردە پادىشالىق تاماق بىلەن بېقىلىدۇ. كىمدە-كىم ئىش قىلماي پادىشالىق تاماق بىلەن جان بېقىشنى خالىسا، موشۇ ھەپتە ئىچىدە شۇ سارايغا بېرىپ ياتسۇن! — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ھورۇنلار توپلىشىپتۇ. شەھەردە بىرمۇ ھورۇن قالماپتۇ. ھورۇن ئەمەس كىشى بۇ سارايغا كەلمەپتۇ. ساراي ئىچىدە نۇرغۇن قازانلار بىر ھەپتىگىچە قايناپ تۇرۇپتۇ. ساراي ئەتراپىغا ئوتۇنلار تاغدەك دوگىلىنىپ كېتىپتۇ. ھورۇنلار ئوگدا يېتىپ، ئوماچ ئىچىشكە باشلاپتۇ. «ھەممە ھورۇن ژىغىلىپ بولدى» – دەپ خەۋەر قىلغاندا، ئوك قول ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، پادىشا سارايىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق قىپتۇ. ئىشىك-تۈڭلۈكلىرىنى ياپمايلا ئوتنى قويۇپ بېرىپتۇ. ساراي بىلەن بىللە ھەممە ھورۇن كۆيۈشكە باشلاپتۇ. قاچقىنى قېچىپتۇ، قاچمىغىنى ياتىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى ھورۇن يېنىدا ئوگدا ياتقان ھورۇنغا:



– ئاداش، ئوت ناھايىتى ئۇلۇق كۆيۈۋاتىدۇ، قانداق قىلىمىز، – دەپتۇ. يېنىدىكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتكەن ھورۇن ئىكەن:

– قاچان قوپۇپ ژۈرەي: مېنىڭ ئۈچۈن سەن «پۈ» دەپ قويساڭا، – دەپ ياتىۋېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، سارايدىكى قاچمىغان ھورۇنلار كۆيۈپ كېتىپتۇ.

ھازىرقى ھورۇنلار، ھېلىقى قېچىپ كەلگەنلەردىن قالغانلارمىش.

## كۆزگە ئىلمىغان – پۇتقا چوماق

بۇرۇن زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. بۇ پادىشا ئۆزىنى «دۇنيادا مېنىڭدەك ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە سۆزمەن ئادەم يوق» – دەپ ئويلاپ ژۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا نۇرغۇن لەشكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىقماقچى بولۇپتۇ. قۇرۇت-قوڭغۇز، چۈمۈلىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ: «ۋۇلار ئون كۈنگىچە سىرتقا چىقمىسۇن، ئەگەر سىرتقا چىقسا، ئاتلىرىمىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ» – دەپ خەۋەر قىلىپتۇ. بۇ خەۋەرنى چۈمۈلىلەر ئاڭلاپ، پادىشانى بىر كۈن مېھمان قىلىپ، ئاندىن يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇپ، مەسلىھەتكە كەپتۇ. لېكىن بۇنىڭدىن خەۋەرسىز پادىشا، ئوغا چىقىپ كېتىپ بېرىپ، چۈمۈلىلەرنىڭ يول توساپ ژۈرگەنلىگىنى كۆرۈپتۇدە:

– بۇ نېمە گەپ؟ – دەپ، يېقىنىراق كەلگەندىن كېيىن چۈمۈلىلەرنىڭ پادىشاسىنى چاقىرىپ سوراپتۇ.

– پادىشايى ئالەم، جاناپلىرىنى ھۆزۈرىمىزدە بىر كۈن قونۇپ، مېھمان بولۇپ كېتەمدېكىن دەپ، ئالدىلىرىدىن چىققان ئىدۇق، – دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ چۈمۈلە پادىشاسى.

ئىنسان پادىشا ھەيران بولۇپ، زاڭلىق قىلىپتۇ.

– ھەي، ئاخماق! بىزغۇ قونارمىز; شۇنچە ئادەم بىلەن ئۇلاقلارنىڭ يېمەك-ئىچمىگىنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟...

– ئویلىدىم، پادىشايىم، ئەمگىگىمىز بىلەن باياشايەت قىلارمىز، غەم قىلماڭ– دەپتۇ چۈمۈلىلەرنىڭ پادىشاسى.

بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان پادىشا:

– «رىسقىڭلارنى خۇدايىم بېرىدۇ»، دېگەن بولساڭ، مېنى يەڭگەن بولاتتىڭ. بىراق سەن يېڭىلدىڭ: شۇنچە ئادەم ۋە ئۇلاڭلارنىڭ يېمەك-ىچمىگىگە ئەمگىگىڭ بىلەن قانداق جاۋاپ قىلىسەن؟ – دەپتۇ پادىشا.

– تەخسىر، سىلى چۈشۈەرمەمدىلا: ئەگەر جاۋاپ قىلالمىغاندا، ئاندىن مەن يېڭىلگەن بولمايمەنمۇ، – دەپتۇ چۈمۈلىلەرنىڭ پادىشاسى.



پادىشا:

– قېنى، جاۋاپ قىلغىنىڭنى كۆرەيلى، – دەپ، بىر كۈن مېھمان بولۇپ كېتىشكە ماقۇل بولۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، چۈمۈلە پادىشاسى مېھمانلارنى تىكىپ تەييارلاپ قويغان چېدىرلىرىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كىرىپتۇ. ئاتلىرىنى ئورنىتىلغان لاڭقالارغا باغلاتقۇزۇپتۇ.

چۈمۈلە پادىشاسى ئەمىر بېرىپ، ھەر بىر چۈمۈلىگە مېھمانلار ئۈچۈن بىر تالدىن ناننىڭ ئۇگىغى، بىر تالدىن سۇلۇ ۋە بىر تالدىن ياۋايى بېدە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. چۈمۈلىلەر بۇ تاپشۇرۇقنى بىر دەمدىلا ئورۇنلاپ بولۇپتۇ. نان، بېدە ۋە سۇلۇلار دوگا-دوگا بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ژىغىلغان نەرسىلەرنى پادىشانىڭ لەشكەر ئات-ۇلاقلىرى بىر كۈن يەپ، يېرىمىنىمۇ تۈگەتمەپتۇ. پادىشا بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىگىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سوال سوراپ يەڭمەكچى بولۇپتۇدە، چۈمۈلە پادىشاسىنى چاقىرىپ:

– ھەي، چۈمۈلە، سېنىڭ بېشىڭ نېمە ئانچە يوغان؟ – دەپ سوراپتۇ.

– بېشىمدا ئەقلىم تولا، – دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ چۈمۈلىلەرنىڭ پادىشاسى.

– بېلىڭ نېمانچە ئىنچىكە؟ – دەپتۇ يەنە پادىشا..

– مەن چوڭ ئىشلارغا ھەر دايىم بېلىمنى مەككەم باغلايمەن، بۈگۈن سىلەرنى ياخشى كۈتۈۋېلىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، بېلىمنى باغلاۋالغان ئىدىم. سىزگە شۇنىڭ ئۈچۈن بېلىم ئىنچىكە كۆرۈنىۋاتىدىغاندۇ، – دەپتۇ

چۈمۈلىلەرنىڭ پادىشاسى.

پادىشا بۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ، تىكىرقىپ قاپتۇ. ئويلاپ-ويلاپ ھېچ سوال تاپالماپتۇ. شۇندا چۈمۈلە:

— پادىشاھى ئالەم، سىز ئۆزىڭىزنى ئەقىللىق ۋە سۆزمەن ھېساپلاپ ژۈرىسىز. ھەجەپ بىزنىڭ پادىشامىزدىن يېڭىلىپ قالدىڭىزا؟ — دەپ چۈمۈلىلەرنىڭ ۋەزىرى زاڭلىق قىلىپتۇ. پادىشا بولسا، لام-مىم دەلەلمەي، شۇ خىجالەتچىلىكتە شىكارغىمۇ چىقماي، كەينىگە يېنىپ، شەھەرگە قايتىپ كېتىپتۇ.

## ماختانچاق پاشىلار

بىر كۈنى، ژىلنىڭ باھار پەسلى ئۆتۈپ، ياز باشلاڭھان چاغدا، پۈتۈن بىر دالانىڭ ئۈستىنى قاپلاپ ناھايىتى نۇرغۇن پاشىلار ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. ئۇلار شۇنداق، ۋاھىمىلىق بىلەن گىڭىلدىشىپ ئۆتۈپتىكى، ھەتتا چىغلىقتا سەكرەپ-ويىنشىپ ژۈرگەن ئىككى توشقان بالىسى قورققىنىدىن بىر تۈپ چىغنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. بۇ توشقان باللىرى چىغ تۈۋىدە قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ قاراپ تۇرسا، كېتىپ بارغان پاشىلارنىڭ كۆپلىگىدىن ئاخىرى كۆرۈنمىگىدەك. بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن: «ھەجەپ، بۇ گېجەكۋايلار بۇنچە ۋاھىمە بىلەن نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىپ بارىدېكىن، ياكى بىرەر ئاپەت باشلىنىپ قالدىمېكىن؟! ئۇنداق بولغان تەگدىردە ۋاقتىنى كېچۈكتۈرمەستىن، بەلكى بىزگىمۇ قېچىشقا توغرا كېلەر»، — دەپ ئويلاپتۇ ۋە پاشىلارنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىغىنى، نەگە ۋە نېمىشكە كېتىپ بارغانلىغىنى بىلمەكچى بولۇپ:

— ھاي، گېجەكۋايلار! بۇنچە ۋاھىمە بىلەن نەگە ۋە نېمىشكە كېتىپ بارىسلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلەردەك ژۇرۇقۇۋايلارغا ئوخشاش، ئۆمرىمىزنى چىغتۈۋىدە ئۆتكۈزەتتۇقمۇ؟! بىز شەھەر ئالغىلى، «پاق-پاق شەھىرى» گە جەڭگە كېتىپ بارىمىز، — دەپ ماختىنىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ پاشىلار. ئۇلار ئاھالى ياشايدىغان جايلارنى «پاق-پاق شەھىرى» دەپ ئاتايدېكەن، چۈنكى پاشىلار كىشىلەرنىڭ قېنىنى شوراش ئۈچۈن ئۈزلىرىگە، قۇلاقلىرىغا، قوللىرىغا ۋە باشقا ئوچۇق جايلىرىغا قوڭھان چاغدا، ئۇلارنى «پاق-پاق» قىلىپ ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ئەمەسمۇ!

ئۇ پاشىلار بىر-بىرلىرىگە يەتكەندە، يېزىنىڭ ئەتراپلىرىدىكى ئوتلۇق-قومۇچلۇقلارغا جايلىشىپتۇ. ئۇلار كۈندۈزلىرى قومۇچ ۋە شىۋاقلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۇلىرىنى شورايدېكەن. شامال چىقىپ قالغان چاغلاردا، شىۋاقلارغا ۋە قومۇچلارغا مەككەم يېپىشىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاران تۇرغىنىغا قارىماي: «ھى، قويۇۋېتەيمۇ؟ ئەگەر قويۇۋېتىدىغان بولسام، ھازىر يىلتىز-پىلتىزىڭ بىلەن شامال ژۇلۇپ كېتىدۇ»، دەپ ئۇلارنى يالۋۇرتىدېكەن. شامال توختىغاندىن كېيىن: ئەگەر بىز بولمىغىنىمىزدا بىرىڭنى قالدۇرماي شامال ژۇلۇپ كېتەتتىدە»، دەپ ماختىنىشىدېكەن. كۈن ئولتىرىشقا يېقىن: ئەتىدىن كەچكىچە كوكاتلارنىڭ ئاق سۈيىنى شوراپ زېرىكىپ كەتتۇق، ئەندى «پاق-پاق شەھىرى» گە بېرىپ كىشىلەرنىڭ قىزىل سۈيىدىنمۇ ئازىراق ئىچىپ كېلەيلى» دەپ پادىنى ئەگىشىپ يېزىلارغا كىرىدېكەن. بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ شاپلاقلىرىنىڭ ئاستىدا قېلىپ كۆپچىلىگى قىرىلىپ كېتىدېكەن.

ئۇ پاشىلار ھەر كۈنى شۇنداق قىرىلىپ-قىرىلىپ كۈزگىچە تەڭدىن تولىسىدىن ئايرىلىپتۇدە، قايتىپتۇ. قايتىپ كېتىپ بارغاندا ھېلىقى ئىككى توشقان بالىسى يەنە ئۇچراپ قاپتۇ. ئەندى بۇلار ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ قالغان ئېكەن. ئۇلار قايتىپ كېلىۋاتقان پاشىلارنىڭ ئازلىغىنى كۆرۈپ:

— ھە، گېجەكۋايلار، ئۇ ياققا كېتىپ بارغىنىڭلاردا ناھايىتى نۇرغۇن ئېدىڭلار، ھازىر ناھايىتى ئاز قايتىپ كېلىۋاتىسلەرغۇ، قالغانلىرىڭلار قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— «پاق-پاق شەھىرى»-نى ئالغان ئېدۇق، يېرىمىمىز شۇ يەردە تەرتىپ ساقلاپ قالدى، بىز بولساق كۆپ جەڭلەردە ژۈرۈپ ھاردۇق، ئەندى دەم ئالغىلى ئۆز ژۇتىمىزغا قايتىپ كېتىپ بارىمىز، دەپ ماختىنىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

## ھەسەل

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توك ئىكەن. مەن بىلمەن، ئاتام تۇغۇلمىغان چاغدا بىر دېخان ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئېگىلىگى ئانچە بولمىسىمۇ، ئۆزىگە باياشايەت يېتىدېكەن. بىراق بۇ دېخاننىڭ بالىسى يوق بولۇپ، بىر بالا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدېكەن. بەختتكە يارىشا دېخاننىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇل چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ، دېخان ئوغلىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرىپتۇ. ئوغلى ھەسەلگە ئامراق ئىكەن، بۆگۈنى بىر تاۋاق ھەسەل يېسە، ئەتىسى بىر يېرىم تاۋاق ھەسەل يەيدىغان بوپتۇ. چوڭ بولغانسىرى قارنىمۇ چوڭىيىۋېرىپتۇ. ئوغلىنىڭ يېگەن ھەسلى ئۆچۈن دېخاننىڭ ۋەسلى تۆگەپتۇ، بارا-بارا دېخاننىڭ ھەسەلگە پۇلى قالماپتۇ. ئوغلى ھەسەل يېمەي بىر دەممۇ چىدىمايدېكەن.

– ھەسەل بەر، دادا! – دەپتۇ بالا بىر كۈنى.

دېخان ئوغلىغا چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ:

– جېنىم بالام، ئەندى سەككىزگە كىردىڭ. كۈندە بەش تاۋاق ھەسەل يېسەڭ بىزنى قۇرۇتسەن، ھېلىمۇ ھېچ نېمە قالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەلنىڭ باھاسىمۇ ئېشىپ كەتتى. داداڭنى ئايا، ئەندى ئاز ۋاقىت ھەسەل يېيىشنى قويساڭ، ئاناڭ بىچارە ئۈچ كۈندىن بېرى ئاچ ياتىدۇ. ئانچە-مۇنچە تىرىكچىلىك قىلىپ بىر نېمە تېپىۋالاي. مېنى قىستاۋەرمە، جېنىم بالام! – دەپ يېلىنىپتۇ.

– ماڭا ھەسەل بېرىسەن! – دەپتۇ ئوغلى قەغىشلىك قىلىپ. دېخان ھېچ ئامال قىلالماي قاپتۇ. كېيىن «توختا» دەپ ئويلاشقا باشلاپتۇ: «بۇ بالىغا مەن نېسىھەت قىلىپ ئاگلىتالمىدىم، دانىشمەنلەرنىڭ گېپى خاسىيەتلىك بولىدىغان، شۇلار بىر نېسىھەت قىلىپ قويسۇنمېكىن...»

شۇنىڭ بىلەن دېخان بىر دانىشمەن ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، دەردىنى ئېيتىپ ژىغلاپتۇ.

– سىلىمۇ ھەسەل يەمدىلا؟ – دەپ سوراپتۇ دانىشمەن ھېلىقى دېخاندىن.

– ئوغلۇمنىڭ ھەسلىدىن كىچىككىنە يەتتىم.

– ئانىسىچۇ!

– يەتتى.

دانىشمەن ئۇزاق خىيال قىلغاندىن كېيىن:

– سىلى خاپا بولمىسىلا، مەن ئون كۈندىن كېيىن باراي، شۇ كۈننى كۈتسىلە! – دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دانىشمەن. دېخان ھەسرەت چېكىپ:

– بۈگۈن بارمىسىلا مەن قانداق قىلىمەن؟ – دەپ ژىغلاپتۇ.

دانىشمەن دېخاننىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

– بولمايدۇ، بۈگۈن بارسام بەرى بىر پايدىسىز، ئون كۈنگىچە چىدىسىلا، – دەپتۇ.

دېخان قايغۇرۇپ، ھەسرەت چېكىپ خاپا ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئون كۈنگىچىلىك دېخاننىڭ ئۆيىدە تۆرت بۇلۇڭ بىر كۇلۇڭدىن باشقا ھېچ نەرسە قالماپتۇ، ئون كۈن ئون ژىلدەك ئۇزاقتا توشۇپتۇ. دانىشمەن كەپتۇ، ئۆي ھالىغا نەزەر سېلىپ دېخاڭھا ئىچى ئاغرىپتۇ. دېخان بىلەن پاراڭلىشىپتۇ ۋە كېيىن كېتىدىغان چېغىدا:

– قېنى، ئوغلۇم، بېرى كەلگىنە! – دەپ دېخاننىڭ ئوغلىنى قىچقىرىپتۇ، – بۈنىڭدىن كېيىن ھەسەل يېمە جۇمۇ، بالام! – دەپ بالىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ قويۇپتۇ. ئاندىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دانىشمەن يېزىغا بارغاچ دېخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ، ئۆيدە دېخان بىلەن خوتۇن خوشال-خورام ئولتارغىدەك. ئۆي ئىچى خېلە سەرەمجانلىشىپ، لازىمەتلىكلەر تولۇق تۇرغىدەك.

– ئوغلىڭىز ھەسەل يەمدۇ؟ – دەپ سوراپتۇ دانىشمەن.

– ياق! – دەپتۇ دېخان مىننەتدارلىق بىلەن.

دانىشمەن قايتماقچى بالغاندا دېخان پۇل تەڭلەپتۇ، دانىشمەن ئالماپتۇ. دېخان بىر سوال سوراپتۇ:

– ئەمسە مەن سىلىدىن بىر نېمىنى سوراۋالاي! مەن سىلىنى چاقىرغان ۋاقتىمدا نېمە ئۈچۈن ئون كۈندىن كېيىن باراي دېدىلا؟ مەن شۇ ئون كۈن ئىچىدە ئون ژىللىق ئەلەمنى بېشىمدىن ئۆتكەزدىم، ئون جېنىمنىڭ بىرى قالدى، – دەپتۇ دېخان.

دانىشمەن كۈلۈمسىرەپ شۇنداق دەپتۇ:

– ئۇكا! مەن ئىلگىرى ھەسەل يەتتىم، شۇ ئون كۈن ئىچىدە ھەسەل يېيىشنى تاشلىدىم، ئاندىن سېنىڭ ئۆيۈڭگە كېلىپ ئوغلۇڭغا نېسىھەت قىلدىم، شۇڭا ئۇ ھەسەل يېيىشنى تاشلىدى. ئەگەر ئۆزەم ھەسەل يەپ تۇرۇپ،

ئوغلۇڭغا نىسىھەت قىلسام، ئوغلۇڭ ھەسەل يېيىشنى تاشلىماتتى، ــ دەپتۇ.

## ئۈچ ۋەسىيەت

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بولغان ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇدە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بالىلىرىغا ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيەت كالدۇرۇپتۇ. بوۋاي ۋەسىيەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئۈچ بالىسىغا: «باققا چىقىپ، ھەر بىرىڭلار ئىككىدىن تاياق سۇندۇرۇپ ئەكىرىڭلار. يوغانلىغى بارماقتەك بولسۇن، ئۇزۇنلىغى بىر غۇلاچ بولسۇن»، دەپتۇ. بالىلار ئاتىسىنىڭ سۆزى بىلەن ئىككىدىن ياغاچ سۇندۇرۇپ ئەكىرىپ، ئاغرىق ياتقان بوۋاينىڭ ئالدىدا ژۈكۈنۈپ ئولتىرىپتۇ.
ــ بالىلىرىم، ــ دەپ ۋەسىيىتىنى باشلاپتۇ بوۋاي، ــ ئۆمرۈممۇ بىر يەرگە باردى. ناۋادا ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ، قازا يېتىپ قالغىدەك بولسا، بۇ پانى دۇنىيا بىلەن خوشلىشى مەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتلىق قەرزىم بىلەن سىلەرگە ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيەت تاپشۇرىمەن. بىرىنچى ۋەسىيىتىم شۇكى، ھازىر باغدىن سۇندۇرۇپ كەلگەن تاياقلارنى سۇندۇرۇسلەر. سۇندۇرغاندا ئالدى بىلەن ھەر بىرىڭلار بىردىن سۇندۇرۇسلەر. قېنى سۇندۇرۇڭلار!
بالىلارنىڭ ھەر بىرسى بىردىن تاياقنى سۇندۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوۋاي:
ــ خوش، بۇنداق قىلىپ سۇندۇردۇڭلار. ئەندى قالغان ئۈچ تاياقنى بىرلەشتۈرۈپ بىرىڭلار سۇندۇرۇپ بېقىڭلار! ــ دەپتۇ.
ئۈچ تاياقنى بىرلەشتۈرۈپ بالىلار بىردىن سۇندۇرماق بولۇپتۇ. لېكىن سۇندۇرالماپتۇ. بوۋاي ئاخىرى:
ــ ئەندى ئۈچىڭلار بىر بولۇپ سۇندۇرۇڭلار! ــ دەپتىكەن، بالىلار ئۈچى بىرلىشىپ ھېلىقى تاياقلارنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.
بۇنى كۆرگەن بوۋاي:
ــ ھە، بۇنىڭ خىسلىتىنى چۈشەندىڭلار. بۇ ئۆم بولۇپ، بىرلىشىپ كۈچ چىقارغانىنىڭ نەتىجىسى. دېمەك، مېنىڭ بىرىنچى ۋەسىيىتىم شۇكى، مەندىن كېيىن قالساڭلار، بىر-بىرىڭلار بىلەن ياخشى ئۆم بولۇپ ياشاڭلار. ئەينە، شۇ ۋاقىتتا سىلەر ھېچ قانداق مۈشكۈللۈكتىن قورقمايسىلەر. ئۆمرۈڭلار ياخشى ئۆتىدۇ.
ئەندى، ئىككىنچى ۋەسىيىتىم شۇكى، ناننى تەمسىز يېمەڭلار، ھەسەل بىلەن قوشۇپ، تاتلىق نان يەڭلار.
ئۈچىنچى ۋەسىيىتىمنى، سىلەرگە ئېيتمايمەن. ئاۋال سىلەر ئەشۇ ئىككى ۋەسىيىتىمگە ئەمەل كۆرۈڭلار. لېكىن بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلمىسەڭلار، ئۈچىنچى ۋەسىيىتىمنى ئاناڭلاردىن سوراڭلار. مەن بۇ ۋەسىيىتىمنى ئاناڭلارغا تاپشۇرۇپ قويدۇم. قاچانكى بېشىڭلارغا كۈن چۈشكىدەك بولسا، ئۈچىنچى ۋەسىيىتىم سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى ئوڭلايدۇ.
بوۋاي بۇ ۋەسىيەتلەرنى دەپ، ئۇزۇن ئۆتمەي دۇنىيادىن كۆز ژۇمۇپتۇ.
ئاتىدىن ئايرىلغان ئۈچ بالا ئاتىنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن بىر-بىرى بىلەن ياخشى، ئۆم بولۇپ ياشاپتۇ. بىراق بۇلار بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقان بالىلار ئەمەس ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىرەر ئىش-وقەتنىڭ تايىنى يوق. بۇنىڭ ئۈستىگە دادىسىنىڭ ئىككىنچى ۋەسىيىتىنى يەنى، ناننى ھەسەلگە قوشۇپ يەڭلار» دېگىنىنى قىلىمىز دەپ، ئۆيدىكى بار-يوقىنى سېتىپ، ھەسەل يەپ تۈگىتىپتۇ. قارىغىدەك بولسا، تۇرمۇشى كۈندىن-كۈگە ئوساللىشىپ كېتىۋاتقان. بالىلار ھېچ ئىلاجە تاپالماي، ئاخىرى ئانىسىغا ئاتىسىنىڭ ئۈچىنچى ۋەسىيىتىنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئانا بالىلىرىنىڭ خېلە بېشى قاتقانلىغىنى سېزىپ، ئۈچىنچى ۋەسىيىتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:
ــ بالىلىرىم، ئاتاڭلارنىڭ ئۈچىنچى ۋەسىيىتى شۇكى، ئاتاڭلار سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە لازىم بولار دەپ، باققا كۆمۈپ قويغان بىر خالتا يامبۇنى ئىزدەپ تېپىش. بىراق ئاتاڭلار رەمتى ئۇ يامبۇنىڭ نەگە كۆمۈلگەنلىگىنى ئېيتمىغان ئىدى. ئىش قىلىپ، باغدىكى مېۋىلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ يېنىغا كۆمۈلگەن ئىكەن. ئەندى كەتمەن-گۈجەكنى ئىشقا سېلىپ، شۇنى كولاپ تېپىڭلار.
بۇنى ئاڭلىغان بالىلار كەتمەن-گۈجەكلەر بىلەن باغدىكى مېۋىلەرنىڭ تۈۋىنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. بالىلار چۈشكىچە كولاپتىكەن، ناھايىتى چارچاپتۇ. ئەندى قوساقنىڭ ئېچىشىنى سورىماڭلار. شۇ چاغدا ئانىسى ئۆيدىكى قاتتىق-قۇرۇق نانلارنى بىر چۆگۈن قايناق سۇ بىلەن ئەكىلىپ بېرىپتىكەن، بۇلار ئىلگىرى-كېيىن ئېچىلمىغان

ئىشتەي بىلەن يەپتۇ. بۇ نان بىلەن قايناق سۇ بۇلارغا شۇنچىلىك تاتلىق تېتىپ كېتىپتىكى، بۇرۇن ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ يېگەن تاماقلارنىڭ لەززىتىمۇ بۇنىڭغا قارىغاندا ھېچ بىر لەززەتلىك بىلىنمىگەن ئىكەن.



بالىلار تاماقتىن كېيىن يەنە ئىشقا چۈشۈپتۇ. ئىشتىن كېيىن قاتتىق-قۇرۇق ناننى يەنە ھۆزۈرلىنىپ يەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىرەر-ىككى ئاي ھېلىقى يامبۇنى ئىزدەپ، باغدىكى پۈتۈن مېۋىلەرنىڭ تۈۋىنى بوشىتىپ بوپتۇ. لېكىن يامبۇ تېپىلماپتۇ. نەچچە ژىلدىن بېرى پەرۋىش قىلىنمىغان مېۋىلەر موشۇ بانە بىلەن تۈۋى بوشىتىلغاچقا، بۇ ژىلى شاخ-شېخىنى كۆتۈرەلمىگىدەك بوپ كېتىپتۇ.

شۇندىن كېيىن ئانا بالىلىرىنى چاقىرىپ شۇنداق دەپتۇ:

– بالىلىرىم، يامبۇنى ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭلار. ئاتاڭلارنىڭ ئىككىنچى ھەم ئۈچىنچى ۋەسىيىتىنىڭ مەنىسى باشقا يەردە ئىدى. ناننى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يەڭلار دېگىنى، ئەمگەك قىلىپ، تەر تۆكۈپ، نان-يەڭلار دېگىنى. چۈنكى ئىشلەپ، ھېرىپ يېگەن نان ھەسەلدىنمۇ تاتلىق بولىدۇ. ئۆزەڭلار سەزگەنسىلەر، سىلەر باغدا ئىشلەپ ھارغاندىن كېيىن مەن ئېلىپ چىقىپ بەرگەن قاتتىق-قۇرۇق ناننى ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ يېگەندىنمۇ ھۆزۈرلىنىپ يېدىڭلارغۇ. ئەندى ئۈچىنچى ۋەسىيىتىنىڭمۇ باشقىچە مەنىسى بار. راستىنى ئېيتقاندا، يامبۇ كۆمۈپ قويغان دېگەن گەپ يالغان. سىلەر، ئەينە، شۇ يامبۇنى ئىزدەپ تاپىمىز دەپ، باغدىكى بارلىق مېۋىلەرنىڭ تۈۋىنى بوشىتىپ قويدۇڭلار. شۇنىڭ بىلەن نەچچە ژىلدىن بېرى پەرۋىش قىلىنماي كەلگەن مېۋىلەر بۇ ژىل باشقىچە ئوخشاپ كەتتى. ئەينە، ئاتاڭلار دېگەن يامبۇ شۇ!